## نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن


# دۇردانىلەر

(1)



شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ





ISBN 7-5371-4032-4

ISBN 7 - 5371 - 4032 - 4
C・107(民文)定价: 5.00 元

## نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن

# دۇردانىلەر

(1)

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：米克丽·阿布都热合曼
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
伊巴代提.亚森
封面设计：阿里甫·夏
技术编辑：买买提艾力·里提甫

# 阿凡提笑话的人生智慧

(1)

(维吾尔文)

艾克拜尔.吾拉木　整理

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001)
新疆新华书店发行　新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米　32开本　3.375 印张
2002年5月第1版　2006年1月第2次印刷
印数：5071—8070

ISBN7—5371—4032—4/C·107　定价:5.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: مېھرى ئابدۇراخمان
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
ئىبادەت ياسىن
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
تېخىردىداكتورى: مۇھەممەد ئەلى لىتىپ

# نەسرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن دۇردانىلەر
## (1)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەكبەر غۇلام
*
شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 3.375
2002 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 1 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN7—5371—4032—4/C • 107
سانى: 5071—8070
باھاسى: 5.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز.

# مۇندەرىجە


ئەمدى ياڭاق يېمىگىن! …… 1

سېنى خۇش قىلاي دېگەن …… 3

خاتا ئويلاپ قاپسىز …… 4

ئۇ تۆگە بولمىسا! …… 6

بەلكىم راست ئوخشايدۇ …… 7

ئاۋۋال مەن تەپتىم …… 8

ئۇلار ئادەم چىشلەيدۇ …… 9

رەھىمسىز قۇياش …… 10

ئېشەكنىڭ زارىدىن قېچىپ …… 11

مەرھۇم ئانامغا دۇئا قىلىمەن …… 12

مەن دادام بىلەن بىللە كەلدىم …… 13

بىر يىلدىن كېيىن …… 14

خۇداغا ھەمراھ بولۇش …… 15

پۇل تۆلىگەنلەر نەي چالالايدۇ …… 16

بىر كۈن قانچە سائەت …… 17

سىلەرگە كىم دېدى …… 18

بىر قىيىن سوئال …… 19

شاگىرت …… 20

قوي يېمەيدىغان بۆرە …… 21

شاپىلاقنىڭ ئىزى قالىدۇ …… 22

ئېشەك چۆپنى يەپ بولۇپ كەتتى …… 23

بالىڭىزنىڭ قورسىقىدا …… 24

بىز قانداق تېپىشقان …… 25

ئېھتىيات قىلغان ياخشى …… 26

مىنىڭ دادام ئەڭ ئەقىللىق ...... 27
مەن ئادەم ئالداشنى ياخشى كۆرمەيمەن ...... 28
يۇمايلا يەۋېتىپتىمەن ...... 29
سوپۇننى قانداق تازىلىغىلى بولىدۇ؟ ...... 30
سەن ئۇخلاپ قالغاندا چالىمەن ...... 31
كۆن ئايدىن قورقىدىكەن ...... 32
ئىچىگە مۈشۈك تاشلىۋەتتىم ...... 33
يەنە قانداقسىغا سېرىقماي يۇقى قالسۇن؟ ...... 34
مەن ئۇنىڭ بالىسى بىلەن ئويىنىدىم ...... 35
قېرى ئىت ...... 36
بەش ئەزاسى يوق قوي ...... 37
ئاي بىلەن يۇلتۇز ...... 38
موللام نومۇرنىڭ ھەممىسىنى ئوغلىغا بېرىدۇ ...... 39
ياڭاق بۆلگەننىڭ ھەققى ...... 40
قالغان گەپنى كېيىن دېيىشىمىز ...... 41
دانا ...... 42
ئاۋۋال سۇ ئۇزۇشنى ئۆگىنىپ كېلەي ...... 43
خۇدايىم بەرسۇن! ...... 44
سىز ئالدىنىپ قاپسىز ...... 45
شۇملۇقنىڭ بىشارىتى ...... 46
ئۇسساپ قالمىسۇن دەپ ...... 47
ھېسابلاش ...... 48
ئۆزۈمنى بېلىقمىكىن دەپتىمەن ...... 49
خىجىل بولىدىغان ئىش ...... 50
يارلىقىڭىزنى يېزىۋاتىمەن ...... 51
ۋىجدانىڭنى تارازىلاپ باق ...... 52
سىزنى قوشقاندا بەش بولىدۇ ...... 53
پۇل ۋە ئابرۇي ...... 54

مېۋىسىنى كىم يەيدۇ ............................ 55
تەكىيە قىلاتتىم ................................ 56
ئېشەك بار يەرگە ............................... 57
جاھاندا يوق كۆن ............................... 58
چۈشىنىڭ تەبىرى ............................... 59
مۇكاپاتنىڭ يېرىمى ............................. 60
ئۇخلىۋېلىپ كەلگەن ............................ 61
ئابىي رەھمەت ................................. 62
ئادەم بولۇشنىڭ يولى .......................... 63
كۈندۈزدىكى يۇلتۇز ............................. 64
گۇۋاھلىق بېرىش ............................... 65
پەرىشتىلەرنىڭمۇ ماڭا ھاجىتى چۈشۈپتۇ ـ دە! ...... 66
كالاچىنىڭ مىجەزى ............................. 67
ئاللانىڭ ئۆيى ................................. 68
ئەركەكزەدەك بېلىق ........................... 69
ساراڭنى گەپكە كۆندۈرۈش ..................... 71
پەرقى چوڭ ئەمەس ............................. 72
كاللىسىغا ئەقىل توشۇپ كەتكەن ................ 73
پاراڭلىشىۋاتقاندا ............................... 74
رەڭگىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەس .................. 75
ئۆلمىگۈر ئەبلەخ ............................... 76
تەمى سىزنىڭ يانچۇقىڭىزدا ..................... 77
ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزى ئۈچۈن ..................... 78
زىندانىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ................... 79
ئىشەنمىسەڭلار، ئۆلچەپ بېقىڭلار ............... 80
كىمنىڭ ئىچى قىزىۋاتىدىكىن .................... 81
ئات تونۇش .................................... 82
كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت .................. 83

ئېگىز تامىمۇ پايلىمايدۇ ........ 84
خىجىل بولماسلىق ئۈچۈن ........ 85
ئۆزىنىڭ تونى ........ 86
قازىنىڭ ئۆلپىتى ........ 87
نۇمۇسنى بىلمەيدىغان ئادەم ........ 88
چۈش ........ 89
ئەپەندىنىڭ مەسلىھەتى ........ 90
كۆزىڭىز كور بولۇپ قاپتۇ دەپ ........ 91
ھىيلىگەر كېيىك ........ 92
ئادالەت تېشى ........ 93
بەسلىشىش ........ 94
پاتپاراقچىلىق سۇنايچىنىڭ ئۆيىدە ........ 95
دادىڭىزنى دوراپسىز ........ 96
ئۆلۈكتىن سوراڭلار ........ 97
گۇۋاھ بولۇش ........ 98
پۇلىڭىز «كۈچۈكلەيدۇ» ........ 99
ئېھتىياجىغا باغلىق ........ 100

# ئەمدى ياڭاق يېمىگىن!

ئەپەندىنىڭ كۆزى ئانچە ياخشى كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. خەقلەر ئەپەندىگە كۆپرەك ياڭاق يەپ بېرىشنى مەسلە-ھەت بېرىپ، ياڭاقنىڭ كۆزگە پايدىسى بار دېيىشىپتۇ. ئەپەندى يېمىش بازىرىغا بېرىپ بىر تاغار ياڭاق سېتىۋېلىپ، يول بويى يېگەچ مېڭىپتۇ؛

يولدا تۇيۇقسىز ئالدىغا بىر بالا كېلىپ سالام بېرىپتۇ. بۇنداق ئەدەپ - قائىدىلىك بالىلارنى بەك ياخشى كۆرىدىغان ئەپەندى دەرھال ياڭاقتىن بىر تالنى ئېلىپ بۇ بالىغا بېرىپ-تۇ - دە:

— جىمى بالىلار ساڭا ئوخشاش ئەدەپ - قائىدى-لىك بولسۇن! — دەپتۇ.

ھېلىقى بالا ياڭاقنى ئېلىپ، «رەھمەت ئەپەندى!» دې-گىنىچە كېتىپ قاپتۇ. ئۇ ياڭاقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، يەنە ئىتتىك مېڭىپ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋاپتۇ - دە، ئەپەندىگە سالام بېرىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئەپەندى! — دەپتۇ ئىنچىكە ئاۋا-زى بىلەن.

ئەپەندى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا يەنە بىر تال ياڭاق بېرىپتۇ. ئەپەندى كوچىنىڭ نېرىقى چېتىگە ئۆتە - ئۆتمەيلا، ھېلىقى بالا يەنە ئەپەندىنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ بوم ئاۋاز بىلەن:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەپەندى! — دەپتۇ. شۇنداق قى-لىپ، ئۇ يەنە بىر تال ياڭاققا ئىگە بوپتۇ. ئەپەندى تار بىر

كوچىنىڭ ئاغزىغا كەلگەندە، ھېلىقى بالا يەنە يۈگۈرۈپ بې-
رىپ، ئەپەندىگە سالام بېرىپ، بوغۇق ئاۋازى بىلەن:
— ھۆرمەتلىك ئەپەندى، نەگە ماڭدىڭىز؟ — دەپتۇ.
بۇ قېتىم ئەپەندى بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىپ قېلىپ:
— قارا سېنى، ئەدەپكە ياڭاق تېگىشىپ يېگىنىڭنى،
ئۇنۇڭمۇ پۇتۇپ كېتىپتۇ، ماڭ، ئەمدى ياڭاق يېمىگىن! —
دەپتۇ.



# سىنى خۇش قىلاي دېگەن

ئەپەندىنىڭ بالىسىنىڭ مىجەزى ئىنتايىن غەلىتە بو-لۇپ، قەستەن دادىسى بىلەن قارشىلىشىدىكەن. دادىسى ئۇنى قىل دېسە، بۇنى قىلىدىكەن؛ بۇنى قىل دېسە، ئۇنى قىلىدى-كەن. بالىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان چۈشىنىدىغان ئەپەندى، ئادەتتە ئوغلىغا تەتۈرچە گەپ قىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن تۈگمەنگە بېرىپ ئۇن تارتىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، يېرىم يولدا بىر دەرياغا دۇچ كەپتۇ. ئۇلار دەريادىن كېچىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئېشەك ئۈستىگە ئار-تىلغان بىر خالتا ئۇن بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قاپتۇ. ئەپەندى ئوغلىغا تەتۈرچە گەپ قىلىپتۇ.

— بالام، خالتىنى سۇغا تاشلىۋەت!

غەلىتە مىجەزلىك بالا دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدە: «مەن چوڭ بولۇپ مۇشۇ چاغقا كەلگۈچە، دائىم دادام بىلەن قارشىلىشىپلا كەپتىمەن، مۇشۇ بىر قېتىم دادامنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ باقاي» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ-نىڭ بىلەن دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە خالتىنى سۇغا تاشلىۋې-تىپتۇ.

غەزەپلەنگەن ئەپەندى:

— بالام، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دادا، مەن چوڭ بولۇپ مۇشۇ چاغقا كەلگۈچە بىرەر قېتىممۇ سىنىڭ گېپىڭنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن، مۇشۇ قېتىم گېپىڭنى ئاڭلاپ، سىنى بىر خۇش قىلاي دېگەنتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.

# خاتا ئويلاپ قاپتىمەن

بىر كۈنى، ئەپەندى ئوغلى بىلەن بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئورنىدا توختىماي پىرقىرىقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ ئىش ئەپەندىگە ئىنتايىن قىزىقارلىق تۇيۇلۇپتۇ ۋە ئۇلارغا قېتىلىپ بىرلىكتە پىرقىراشقا باشلاپتۇ.

ئەپەندى ئىنتايىن تېز پىرقىراپ، خەقلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپتۇ. بىراق، كۆپ ئۆتمەي، بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بىر تالىپ ئەپەندىگە چاقچاق قىلىپ:

— ئەپەندى، پىرقىرىغاندا، توختىماستىن بىر گەپنى تەكرارلىسىڭىز، ئايلىنىپ چۈشمەيسىز، — دەپتۇ.

— قايسى گەپنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

— ئېشكىمنى ساڭا بېرىۋەتتىم دېسىڭىزلا بولدى، — دەپتۇ تالىپ.

ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاشۇ گەپنى تەكرارلىغىنىچە، توختىماستىن پىرقىراپتۇ. پىرقىراش رېتىممۇ بارغانچە تېزلىشىپ بېرىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ.

كەچقۇرۇن بولغاندا، ئەپەندى ھوشىغا كېلىپ قارىسا، تالىپمۇ، ئېشىكىمۇ غايىب بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندى ئوغلىغا:

— بالام، ئېشەك قېنى؟ سەن نېمىشقا ئۇنىڭغا قارىمايسەن؟ ھۇ يارىماس! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بىرەيلەن كېلىپ ئېشەكنى ئېلىپ ماڭغانتى، يۇگۇ-

رۇپ سېنىڭ قېشىڭغا كەلسەم، سەن توختىماستىن ئېشە-
كىمنى ساڭا بېرىۋەتتىم، دەپ ۋارقىراۋېتىپسەن، مەن تېخى
سېنى ئېشەكنى راستتىنلا ئاشۇ ئادەمگە بېرىۋەتكەن ئوخشاي-
دۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.



# ئۇ تۆگە بولمىسا!

بىر كۈنى، ئەپەندى كوچىدا كېتىۋېتىپ، ئىككى بالىغا ئۇچراپ قاپتۇ. ئۇلاردىن بىرى ۋاي سىلىپ يىغلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندى يىغلاۋاتقان بالىدىن سوراپتۇ:

— بالام، نېمىگە يىغلايسەن؟

— ئۇ مېنىڭ قۇلىقىمنى چىشلىۋالدى، — دەپتۇ بالا يەنە بىر بالىنى كۆرسىتىپ.

— يالغان، مەن چىشلىمىدىم، ئۇ ئۆزى چىشلىدى، — دەپتۇ يەنە بىر بالا.

— يالغان سۆزلىمە! ئۇ تۆگە بولمىسا، ئۆزىنىڭ قۇلىقىنى ئۆزى قانداق چىشلەيدۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندى.



# بەلكىم راست ئوخشايدۇ

ئەپەندى كوچىدا كېتىۋېتىپ، ياڭاق ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلارنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەپەندى بالىلارنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ، بالىلاردىن سوراپتۇ:

— بالىلىرىم، سىلەر ئاۋۇ كوچىنى كۆردۈڭلارمۇ؟

— كۆردۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالىلار.

— ئاشۇ كوچىدا بىر ئادەم ھەربىر بالىغا بىر دوپپىدىن ياڭاق بۆلۈپ بېرىۋاتىدۇ، كېچىكمەي قالساڭلار، نېسىۋەڭلارنى ئالالماي قالىسىلەر، — دەپتۇ ئەپەندى.

بۇنى ئاڭلىغان بالىلار خۇشاللىقىدا چۇرقىراشقىنىچە ئۇ كوچىغا يۈگۈرۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەپەندى بالىلارنىڭ كەينىدىن بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، راست ياڭاق تارقىتىۋاتقان ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ-دە، ئۆزىمۇ بالىلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ.



# ئاۋۋال مەن تەپتىم

گۆدەك ئەپەندى دوستلىرى بىلەن بىللە ئويناپ، زېرى-
كىشلىك ھېس قىلىپ، خېلىغىچە ئويۇنغۇدەك بىرەر ئويۇن
تاپالماپتۇ. ياشتا چوڭراق بىر بالا گۆدەك ئەپەندىگە:

— ئەگەر سەن دوپپاڭنى يەرگە قويۇپ تېپەلىسەڭ، بىز
سېنى بالىلارنىڭ پادىشاھى قىلىمىز، — دەپتۇ.

— بۇنىڭ نەرى تەس، قاراپ تۇرۇڭلار! — گۆدەك
ئەپەندى شۇنداق دېگىنىچە دوپپىسىنى يەرگە قويۇپ تېپىپ
ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. ئارقىدىنلا، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئولى-
شىپ، گۆدەك ئەپەندىنىڭ دوپپىسىنى توپ قىلىپ تېپىپ
ئويناپتۇ.

كەچتە ئۆيگە قايتقاندا، گۆدەك ئەپەندىنىڭ ئاپىسى مەي-
نەتلىكىدىن جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن دوپپىنى كۆرۈپ:

— بىر ئوبدان دوپپا قانداق بولۇپ بۇنچىۋالا پاسكىنا
بولۇپ كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دوستلىرىم دوپپامنى توپ قىلىپ تېپىپ ئوينى-
دى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندى.



— باشقىلار سې-
نىڭ دوپپاڭنى تېپىپ
ئوينىسا، سەن قاراپ
تۇردۇڭمۇ؟ — دەپ
ئاچچىقلىنىپتۇ ئاپى-
سى.

— ياق، ئاپا،
ئاۋۋال ئۆزۈم تەپتىم.

# ئۇلار ئادەم چىشلەيدۇ

بىر قېتىم، موللا ئەپەندىدىن:

— مۈشۈك بىلەن ئىتنىڭ قانداق ئورتاقلىقى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇلارنىڭ تۆت پۇتى بار، بىردىن قۇيرۇقى بار، ئاۋاز چىقىرالايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا، قايسى هايۋان ئىتقا ئوخشايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ موللا.

ئەپەندى ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن :

— باينىڭ بالىلىرى، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئادەم چىشلەيدۇ، — دەپتۇ.



# رەھىمسىز قۇياش

ئەپەندى كىچىك ۋاقتىدا، دادىسى ئۇنىڭغا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم پۇل بېرىدىكەن. لېكىن ئۇ ئىككى كۈنگە بارماي-لا، بىر ھەپتىلىك پۇلىنى خەجلەپ تۈگىتىۋېتىدىكەن.

پىژغىرىم ئىسسىق بىر كۈنى، دادىسى ئۇنىڭغا بىر تال تىللا بېرىپ:

— بۇ سېنىڭ تۆت ھەپتىلىك پۇلۇڭ، ئەمدى بۇ ئايدا ساڭا پۇل بەرمەيمەن، — دەپتۇ.


دادىسىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئىككى كۈنگە قالمايلا بۇ ئايلىق پۇلىنىمۇ خەجلەپ تۈگىتىۋېتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى چۈشتە، ئەپەندى دادىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرسا، ئىسسىققا چىدىمىغان دادىسى ھاۋادىن زارلىنىپ:

— بۇ نىجىس ھاۋا ئەجەب ئىسسىپ كەتتى، مۇشۇنداق ئىسسىغلى تۇرسا، تۆمۈرمۇ ئېرىپ كەتكۈدەك، — دەپتۇ.

— راست دەيسەن، دادا، ھاۋا چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، تۈنۈگۈن چۈشتە، سەن ماڭا بەرگەن تىللانى ئاپتاپقا قويۇپ قويسام، بىردەمدىلا ئېرىپ كەتتى.





# ئىشەكنىڭ زارىدىن قېچىپ

بىر يىلى، قەھەتچىلىك بوپتۇ، خەقلەر ئېشىكىگە يەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ قورسىقىنىمۇ تويغۇزالماي-دىكەن. ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى ئېشەك ئاچلىقتىن توختىماس-تىن ھاڭرايدىكەن. ئەپەندى ئېشىكىنىڭ ئەلەملىك ھاڭرىغى-نىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالماي، ئەسكى - تۇسكى نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن قازناق ئۆيىگە كىرىۋېلىپ، چىقماي ئول-تۇرۇۋاپتۇ. ئوغلى ئۇنى ئىزدەپ كىرىپ:

— دادا، سەن بۇ يەرگە مۆكۈنۈۋېلىپ نىمە ئىش قىلى-ۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تېز ئىشىكنى يېپىپ قوي، ئېشىكىمىزنىڭ زارى قۇلىقىمغا كىرمىسۇن، ئېشىكىمىزنىڭ زارىنى ئاڭلىساملا ئازابلىنىپ كېتىدىكەنمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# مەرھۇم ئانامغا دۇئا قىلىمەن

ئەپەندى دائىم مەرھۇم ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىپ:

— ئانامنىڭ روھى جەننەتكە كىرگەي، — دەپ تىلەيدىكەن.

بىرەيلەن ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سىز نېمىشقا ئانىڭىزغىلا دۇئا قىلىپ، دادىڭىزغا دۇئا قىلمايسىز؟

— مەن مەرھۇم دادامدىن ئىنتايىن خاتىرجەم، چۇنكى دادام ئەقىللىق، ئۆزىگە پۇختا ئادەم ئىدى. مېنىڭچە دادام گۆرگە كىرىپلا، مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ سوئال - سورىقىدىن ئۆتۇپ، ئۇددۇل جەننەتكە كەتتى. بىراق ئانام ياۋاش ھەم ساددا ئايال ئىدى، مەن ئانامنىڭ مۇنكىر - نەكىرلەرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي ئۇلارنىڭ قولىغا چۇشۇپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇڭا مەن دائىم ئانامنىڭ روھىنىڭ جەننەتكە كىرىشىنى تىلەيمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# مەن دادام بىلەن بىللە كەلدىم

بىر كۈنى كېچىدە، ئەپەندى ئېشىكىگە مىنىپ كېتىۋاتسا، تۇيۇقسىز، يول ياقىسىدىن بىر نەچچە قاراقچى ئېتىلىپ چىقىپتۇ. ئەپەندى دەرھال ئېشىكىدىن چۈشۈپ، ئېشىكىنىڭ ئاستىغا كىرىۋاپتۇ. قاراقچىلار بۇ ئىشنى تۇيۇپ قېلىپ:

— كىم سەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مەن ئېشەكنىڭ بالىسى! — دەپتۇ ئەپەندى.

— بۇ دېگەن ھاڭگا ئېشەك تۇرسا، ھاڭگا ئېشەكمۇ بالا تۇغامدۇ؟ — دەپتۇ قاراقچىلار.

— ئاپام تۇيغا كەتكەن، شۇڭا دادام بىلەن بىللە كەلدىم، — دەپتۇ ئەپەندى.



# بىر يىلدىن كېيىن ...

ئەپەندى كىچىكىدىن تارتىپلا ئىنتايىن قىزىقچى بولۇپ، خەقلەرگە چاقچاق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. بىركۈنى دوستلىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سىز چوڭمۇ ياكى سىزنىڭ ئىنىڭىز چوڭمۇ؟

— ھىم، بۇ مەسىلىگە كەلسەك، بۇلتۇر ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئىنىم مەندىن بىر ياش كىچىك ئىكەنتۇق، بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئىككىمىز تەڭلەشتۇق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# خۇداغا ھەمراھ بولۇش

ئەپەندى بالا چاغلىرىدا، بىر نۆۋەت دادىسى بىلەن بىللە سەپەرگە چىقىپتۇ، كەچ بولغاندا ئۇلار بىر خىلۋەت مەھەللىگە كېلىپ قونماقچى بوپتۇ. ئۇخلاشتىن بۇرۇن دادىسى ئەپەندىگە:

— ئەپەندى، سەن بېرىپ ئۇزۇنراق ئارغامچىدىن بىرنى تېپىپ، ئېشەكنى ئوتلۇققا باغلاپ قوي، ئوبدانراق چۆپ يەۋالسۇن، ئەته سەھەردە يولغا چىقىمىز، — دەپتۇ دادىسى.

— دادا، ئەگەر ياخشىسى بىرىمىز ئۇخلىغاندا، بىرىمىز ئېشەككە قارايلى، بولمىسا ئۇنى بۆرە يەپ كەتسە ياكى خەقلەر ئوغرىلاپ كەتسە قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ ئەپەندى.

— خاتىرجەم بول، خۇدايىم بار، خۇدا ئۆزى ساقلايدۇ، — دەپتۇ دادىسى.

ئەتىسى ئەپەندىنىڭ دادىسى ئەپەندىنى ئويغىتىپ، ئېشەكنى تەييار قىلىشنى بۇيرۇپتۇ، ئەپەندى چىقىپ كېتىپ خېلى بىر چاغدىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، دادىسىغا:



— دادا، بىزنىڭ ئېشەك خۇداغا ھەمراھ بولغىلى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، يەنىلا سەن ئۆزۈڭ بېرىپ ئۇنى ياندۇرۇپ كەلسەڭ بولغۇدەك، — دەپتۇ.

# پۇل تۆلىگەنلەر نەي چالالايدۇ

بىر كۈنى، ئەپەندى بازارغا ئالدىراش كېتىۋاتسا، بىر توپ بالىلار ئۇنى ئورىۋېلىپ مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك تەڭلا:

— ئەپەندى تاغا، ماڭا بىر تال نەي ئالغاچ كېلىڭ-ڭە، — دەپ يالۋۇرۇشۇپتۇ.

ئارىسىدىكى بىر بالا بىر سىقىم پارچە پۇللارنى ئەدەپ بىلەن ئەپەندىگە سۇنۇپ تۇرۇپ:

— ئەپەندى تاغا، مالال كۆرمەي ماڭا بىر تال نەي ئالغاچ چىقسىڭىز بوپتىكەن! — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ.

ئەپەندى ئۇ بالىنىڭ قولىدىكى پۇللارنى ئېلىپتۇ، شۇن-داقلا باشقا بالىلارنىمۇ رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن:

— بولىدۇ، بولىدۇ، ئالغاچ كېلەي، ھەممىڭلارغا ئال-غاچ كېلەي، — دەپتۇ.

كەچقۇرۇن، بالىلار يول بويىغا چىقىپ ئەپەندىنىڭ قاي-تىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەپەندى كېلىپ، يان-چۇقىدىن بىر تال نەينى چىقىرىپ، ھېلىقى پۇل بەرگەن بالىغا بېرىپتۇ.

— ئەپەندى تاغا، بىزنىڭچۇ؟ ئەجەبا بىزگە ئەكەلمىدى-ڭىزمۇ؟ — باشقا بالىلار چۇرۇلدىشىپ سوراپتۇ.

— بالىلىرىم، نەي ساتقۇچى «بۇ نەينى پۇل تۆلىگەنلەر-لا چالالايدۇ، پۇل تۆلىمىگەنلەر نەينى پۇۋلىسىمۇ ئاۋاز چىقى-رالمايدۇ» دېگەنىدى، شۇڭا سىلەرگە ئالمىدىم، چۈشەنگەن-سىلەر، — دەپتۇ ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

# بىر كۈن قانچە سائەت

ئەپەندى مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، موللام ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، بىر كۈن قانچە سائەت؟

— يىگىرمە بەش سائەت، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ، بىر كۈن دېگەن يىگىرمە تۆت سائەت بولمامدۇ، — دەپتۇ موللام تېرىكىپ.

— سىز تۇنۇگۈن تېخى كۈندۈز بىر سائەت ئۇزاردى دېمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندى.



# سىلەرگە كىم دېدى

ئەپەندى ئۆشنىسىگە بىر خۇرجۇن شاپتۇل ئارتىپ كې-
تىۋاتقاندا، ئۇنىڭغا بىر توپ ئۇششاق باللار ئۇچراپ قاپتۇ.
ئەپەندى باللارغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— كىم مېنىڭ خۇرجۇنۇمدىكى نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى
تېپىۋالسا، مەن شۇنى يوغان بىر شاپتۇل بىلەن مۇكا-
پاتلايمەن، — دەپتۇ.

باللار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە بىرلىكتە
«شاپتۇل!» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

— ياپىرىم، ماۋۇ ئىشنى، بۇنى سىلەرگە كىم ئېيتىپ
قويدى؟ — ئەپەندى گېپىنى دەپ بولۇپلا، ئەينى ئەھۋالنى
چۈشىنىپ يېتىپتۇ ۋە باللار بىلەن تەڭ كۈلۈپ كېتىپتۇ.



# بىر قىيىن سوئال

ئەپەندى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، بىر قېتىم مۇئەللىم ئۇنىڭدىن ئىمتىھان ئالماقچى بولۇپ، سوئال سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سەندىن قىيىن سوئالدىن بىرنى سورايمۇ ياكى ئاسان سوئالدىن ئىككىنى سورايمۇ؟

— قىيىن سوئالدىن بىرنى سوراڭ! — دەپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا ياخشى، سەن دەپ باقە، ئادەم قانداق پەيدا بولغان؟ — دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم.

— ئادەمنى ئانىسى تۇغقان! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا، ئۇنىڭدىن بۇرۇنچۇ؟ — مۇئەللىم ياندۇرۇپ سوراپتۇ.

— مۇئەللىم، بۇ ئىككىنچى سوئال بولۇپ كەتتى، مەن پەقەت بىرلا قىيىن سوئالغا جاۋاب بەرمەكچى ئەمەسمۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# شاگىرت

ئەپەندى بالا چېغىدا دادىسى ئۇنى موزدۇزغا شاگىرتلىققا بېرىپتۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— بالام، ئاياغ تىكىشنى ئۆگەندىڭمۇ؟

— مەن بالا كۆتۈرۈشنى ئۆگەندىم، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن سۇ توشۇشنى، هويلا - ئارامىلارنى سۈپۈرۈشنى ئۆگىنىدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# قوي يېمەيدىغان بۆرە

بىر پادىچى بالا ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئۆزۈن يىلدىن بېرى قوي باقىمەن، قوي‐لىرىمنى دائىم بۆرە يەپ كېتىپ، جېنىمدىن جاق تويدۇم. دۇنيادا قوي يېمەيدىغان بۆرىمۇ بارمۇ؟

— بار! — دەپتۇ ئەپەندى.

— قانداق بۆرە ئۇ قوي يېمەيدىغان؟

— ئۆلۈك بۆرە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# شاپىلاقنىڭ ئىزى قالىدۇ


ئەپەندى يېڭىدىن مەكتەپكە كىرگەندى، بىر كۈنى ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئىنتايىن خۇشال هالدا دادىسىغا:

— دادا، بۈگۈن مۇئەللىم بىزگە هېساب دەرسى ئۆتتى، مەن قوشۇش ۋە ئېلىشنى ئۆگىنىۋالدىم، — دەپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇنداقتا مەن سېنى سىناپ باقاي، ئەگەر ئاكاڭنىڭ قولىدا ئالتە تال كەمپۈت بولسا، سەن ئۇنىڭدىن بەشنى ئېلىۋالساڭ، يەنە قانچىسى قالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى هاياجانلانغان هالدا.

ئەپەندى ئىتىك مەڭزىنى سىلاپ:

— يەنە نېمە قالاتتى، مېنىڭ يۈزۈمدە ئاكامنىڭ شاپىلىقىنىڭ ئىزى قالامدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# ئېشەك چۆپنى يەپ بولۇپ كەتتى

مەكتەپتە مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن رەسىم سىزىشنى بۇيرۇپتۇ، ئەپەندى قەلىمىنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، بىر ۋاراق ئاق قەغەز تاپشۇرۇپتۇ.

— ئەپەندى، سېنىڭ سىزغان رەسىمىڭ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم.

— سىزغان رەسىمىم مۇشۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى ئاق ۋاراقنى كۆرسىتىپ.

— ئۇنداقتا سەن زادى نېمە سىزدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم يەنە.

— مەن ئېشەكنىڭ چۆپ يېيىشىنى سىزدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا سەن سىزغان چۆپ قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ مۇئەللىم.

— چۆپنى ئېشەك يەپ بولدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا ئېشەك قېنى؟

— ئېشەك چۆپنى يەپ بولغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى، — دەپتۇ ئەپەندى.



# بالىكىزنىڭ قورسىقىدا

بىر بالا ئەپەندىنىڭ يايمىسىدىن ئاپىسىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە، بىر كىلو ئالما سېتىۋاپتۇ. يولدا قايتقۇچە ئىككى ئالمىنى يەپ بوپتۇ.

— بىر كىلو ئالما ئاران مۇشۇنچىلىكمىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئاپىسى بالىدىن.

— مەن ئۇقمايمەن، يايمىچى ماڭا مۇشۇنچىلىك بەر-دى، — دەپ يالغان ئېيتىپتۇ بالا.

بالىنىڭ ئاپىسى ئاچچىقىدا، ئەپەندىنى ئىزدەپ كەپتۇ.

— بايام مەن ئوغلۇمنى بىر كىلو ئالما ئەكېلىشكە بۇيرۇسام، سىز نېمىشقا ئاران يېرىم كىلو بەردىڭىز؟

ئەپەندى ئۆزىنىڭ تارازىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ تارازامدا مۇتلەق چاتاق يوق، بۇنىڭدىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ. يوقىلىپ كەتكەن ھېلىقى يېرىم كىلو ئالما بالىڭىزنىڭ قورسىقىدا، — دەپتۇ ئەپەندى.



# بىز قانداق تېپىشقان

گۆدەك ئەپەندى دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، سىز قەيەردە تۇغۇلغان؟

— دېڭىز بويىدىكى يۇرتۇمدا تۇغۇلغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دادىسى.

— ئاپامچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

— كونىشەھەردە تۇغۇلغان.

— ئەمىسە مەن قەيەردە تۇغۇلغان؟


— سەن يېڭىشەھەردە تۇغۇلغان، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ دادىسى.

— غەلىتە ئىش، ئۇنداقتا بىز قانداق تېپىشىپ قالغان؟ — دەپ سوراپتۇ گۆدەك ئەپەندى.



# ئېھتىيات قىلغان ياخشى

ئەپەندى بالىسىنى بازارغا نان ئەكېلىشكە بۇيرۇپتۇ، ئۇ بالىسىنىڭ قولىغا پۇلنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن، بالىسىنىڭ يۈزىگە كۈچەپ تۇرۇپ بىر شاپىلاق سېلىپتۇ ۋە:
— ماڭ، پۇلۇڭنى ئوغرىغا بەرمە جۇمۇ! — دەپتۇ.
بۇنى كۆرگەن ئەپەندىنىڭ ئايالى ئاچچىقلانغان ھالدا ئەپەندىگە:
— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ يوقاتمىغان پۇل ئۈچۈن بالىنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟ — دەپتۇ.
— يوقاتقاندىن كېيىن ئۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ يەنىلا ئۇنىڭ ئېھتىيات قىلغىنى ياخشى! — دەپتۇ ئەپەندى.



# مېنىڭ دادام ئەڭ ئەقىللىق

گۆدەك ئەپەندى باينىڭ بالىسى بىلەن پو ئېتىشىپتۇ:

— مېنىڭ دادام ئەڭ باي، — دەپتۇ باينىڭ بالىسى.

— مېنىڭ دادام ئەڭ ئەقىللىق! — دەپتۇ گۆدەل ئەپەندى.

— مېنىڭ دادام بىر پارچە ئالتۇننى ساڭا بېرىۋېتەلەيدۇ، — دەپتۇ باينىڭ بالىسى.

— مېنىڭ دادام بىر پۇڭ پۇلنىمۇ ساڭا ئالدىنىپ تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندى.



# مەن ئادەم ئالداشنى ياخشى كۆرمەيمەن

ئەپەندى ئىنتايىن شېرىن ئۇخلاۋاتسا، بىرى ئىشىك چېكىپتۇ، ئەپەندى خۇشياقمىغان ھالدا بالىسىغا:

— ماڭ، چىقىپ مېنى ئۆيدە يوق دەپ، كەلگەن مېھماننى يولغا سېلىپ قوي، — دەپتۇ.

گۆدەك ئەپەندى بېرىپ ئىشىكنى ئاچسا، كەلگەن ئادەم دادىسىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئىكەن. ئۇ گۆدەك ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— داداڭ ئۆيدە بارمۇ؟

— دېيىشكە خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندى.

— نېمىشقا خىجىل بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مېھمان.

— چۈنكى مەن ئادەم ئالداشنى ياخشى كۆرمەيمەن، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندى.



# يۇمايلا يەۋېتىپتىمەن

گۆدەك ئەپەندى يۇمىغان مەينەت ئالمىدىن بىرنى يەپ قورسىقى ئاغرىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەدەپ سوغۇق سۇ ئىچىپ، بىر سوغا سۇنى تۇگىتەي دەپتۇ.

بۇنى كۆرگەن دادىسى ئەجەبلىنىپ:

— نېمانچىۋالا جىق سۇ ئىچىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بايام بىر تال ئالما يېگەنتىم، — دەپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنىڭ سۇنى جىق ئىچىش بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئۇ بىر يەردىن تېرىۋالغان مەينەت ئالما ئىدى، يۇمايلا يەۋېتىپتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# سوپۇننى قانداق تازىلىغىلى بولىدۇ؟

بىر كۈنى، گۆدەك ئەپەندى كىر يۇيۇۋاتقان ئاپىسىنىڭ قېشىدا ئويناۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن ئاپىسىنىڭ سوپۇن قۇتىسىنى بىرنى تېپىۋېتىپتىكەن، قۇتا ئىچىدىكى سوپۇن لايغا چۈشۈپ مەينەت بولۇپ كېتىپتۇ.

— ئەپەندى، قارا سېنىڭ كەپسىزلىكىڭنى، سوپۇنۇمنى مەينەت قىلىۋەتتىڭ، ماڭ دەريا بويىغا بېرىپ سوپۇننى پاكىز يۇيۇپ كەل، — دەپ ۋارقىراپتۇ ئاپىسى خاپا بولۇپ.

گۆدەك ئەپەندى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن سوپۇننى ئېلىپ، خېلىغىچە ئويلانغاندىن كېيىن سوراپتۇ:

— ئاپا، سوپۇن مەينەت بولۇپ كەتسە، نېمە بىلەن تازىلايمەن؟



# سەن ئۇخلاپ قالغاندا چالىمەن

گۆدەك ئەپەندى باشقا بالىلارنىڭ كاناي چالغىنىنى كۆرۈپ، كاناي چالغۇسى كەپتۇ ۋە دادىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— دادا، دادا، بالىلارنىڭ ھەممىسى كاناي چېلىپ ئوينايدىكەن، ماڭىمۇ بىر كاناي ئېلىپ بېرە! — دەپتۇ.

— بولمايدۇ، كاناي چالماي تۇرۇپمۇ قىلىدىغان غەلۋەڭ يېتىپ ئاشار، ئەگەر كاناي چالساڭ مەن پاڭ بولۇپ قالامدىم؟! — دەپتۇ دادىسى.

— دادا، مەن ساڭا قەسەم ئىچىپ بېرەي، ئەگەر سەن ماڭا كاناي ئېلىپ بەرسەڭ، مەن چوقۇم سەن ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن چالىمەن، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندى.



# كۇن ئايدىن قورقىدىكەن

گۅدەك ئەپەندى دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، كۇن ئايدىن قورقامدۇ؟

— ئەجەب بۇنى سوراپ قاپسەنغۇ؟ — دەپتۇ دادىسى ئەجەبلەنگەن هالدا.

— قارىسام، كۇن كۇندۇزىلا چىقالايدىكەن، ئاخشىمى ئاي چىقىشى بىلەنلا، كۇن قورقۇپ يوشۇرۇنۇۋالىدىكەن، — دەپتۇ گۅدەك ئەپەندى.



# ئىچىگە مۇشۇك تاشلىۋەتتىم

گۆدەك ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكى لىق سۇ قاچىلانغان ئىدىشقا بىر چاشقان چۈشۈپ كېتىپتۇ. گۆدەك ئەپەندى دادىسىغا قاراپ ۋارقىراپ:

— دادا، بىر چاشقان بىزنىڭ ئىدىشقا چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دەپتۇ.

— ئاپلا، دەرھال ئۇنى ئېلىۋەت، — دەپ ۋارقىراپتۇ دادىسى.

— ھاجىتى يوق، دادا، مەن ئىدىش ئىچىگە ئۆيدىكى مۇشۇكنى تاشلىۋەتتىم، — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندى.



# يەنە قانداقسىغا سېرىقماي يۇقى قالسۇن؟

دادىسى گۆدەك ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— سەن يەنە سېرىقماي ئوغرىلاپ يېگەن ئوخشىماسەن؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندى.

دادىسى خاپا بولۇپ يەنە سوراپتۇ:

— خىجىل بولماي ياق دەيسىنا، ئاغزىڭدىكى سېرىقمايىنىڭ يۇقى بولماي نېمە؟

— مۇمكىن ئەمەس، مەن ئاغزىمنى يېڭىم بىلەن ئىككى قېتىم سۈرتكەن تۇرسام، يەنە قانداقسىغا سېرىقماي يۇقى قالسۇن؟ — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندى.



# مەن ئۇنىڭ بالىسى بىلەن ئوينىدىم

ئەپەندىنىڭ بالىسى قوشنىسىنىڭ بالىسىدىن تاياق يەپتۇ. ئەپەندى غەزەپ بىلەن:

— بالام، مەن ساڭا ئۇ ئۇششۇقنىڭ كۆچۈكى بىلەن ئوينىما دەپ قانچە قېتىم ئېيتتىم، سەن نېمىشقا يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئوينايسەن؟ — دەپتۇ.

— ياق، دادا، مەن ئۇلارنىڭ كۆچۈكى بىلەن ئەمەس، بالىسى بىلەن ئوينىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالىسى.



# قېرى ئىت

پادىشاھنىڭ كىچىك ئوغلى ئەپەندىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن چېغىدا، دادىسىدىن سوراپتۇ:

— دادا، ئۇ كىم؟

پادىشاھ ئاغزىنى ئوغلىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ تۇرۇپ:

— ئۇ بىر قېرى ئىت، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پادىشاھنىڭ ئوغلى ئەپەندىنى كۆرگەن ھامان «قېرى ئىت، قېرى ئىت» دەپ توۋلايدىغان بوپتۇ.

بىر كۈنى، شاھزادە ئەپەندىنى كۆرۈپ ئادىتى بويىچە:

— قېرى ئىت، قېرى ئىت! — دەپ تىللاپتۇ.

ئەپەندىنىڭ چىدىغۇدەك تاقىتى قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز ئېتىلىپ بېرىپ، «ھاۋ، ھاۋ، ھاۋ» دەپ قاۋىغىنىچە شاھزادىنىڭ قۇلىقىنى چىشلىۋاپتۇ. شاھزادە ئاغرىققا چىدىماي يۇملاپ كېتىپتۇ.

— ھەي، ئەپەندى، سەن ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ نېمىشقا شاھزادىنىڭ قۇلىقىنى چىشلەيسەن؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ ئەسەبىيلەشكەن ھالدا.

— ھۆرمەتلىك ئالىيلىرى، بۆرە كۈچۈكى قېرى ئىتنىڭ چىشىغا تەگكەن تۇرسا، ئۇ ئەلۋەتتە زىيان تارتىدۇ-دە! — دەپتۇ ئەپەندى.



# بەش ئەزاسى يوق قوي

ئەپەندى ئوغلىنى بازارغا بېرىپ قوينىڭ پىشۇرۇلغان كاللىسىدىن بىرنى ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ، ئاچ پاقا بالا يولدا كەلگۈچە قوي كاللىسىنىڭ كۆزى، قۇلىقى، تىلى ۋە مېڭىسىنى يەپ بوپتۇ.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئەپەندى بالىسىنىڭ ئەكەلگەن يېرىم - يارتا قوي كاللىسىنى كۆرۈپ، ئاچچىقلىنىپ سوراپتۇ:

— سەن نېمە كۆتۈرۈپ كەلدىڭ؟

— قوي كاللىسى ئەكەلدىم، — دەپتۇ ئوغلى.

— ئۇنداقتا، ئۇنىڭ كۆزى بىلەن قۇلىقى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

— ئۇ قارىغۇ تۇرسا، كۆزى نېمە ئىش قىلسۇن، ئۇ يەنە پاڭ ئىكەن، شۇڭا قۇلىقىمۇ يوق ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.

— ئۇنداقتا ئۇنىڭ تىلى بىلەن مېڭىسى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

— ئۇ دېگەن گاچا، گاچىنىڭ تىلى بولمايدۇ، ئۇ قوي تۇغما دۆت ئىكەن، شۇڭا مېڭىسىمۇ يوق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئوغلى.



# ئاي بىلەن يۇلتۇز

موللام بالىلاردىن سوراپتۇ:

— ئاي بىلەن يۇلتۇزنىڭ قايسىسى بىزگە ھەممىدىن يېقىن؟

گۆدەك ئەپەندى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەلۋەتتە ئاي يېقىن، ئاي دېگەن شۇنداق يوغان كۆرۈنىدۇ، يۇلتۇز بولسا ئىنتايىن كىچىك كۆرۈنىدۇ، ھەتتا بەزىدە كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمەيمىز، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# موللام نومۇرنىڭ ھەممىسىنى ئوغلىغا بېرىدۇ

ئەپەندى كىچىك چېغىدا ئىنتايىن كەپسىز بولۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىسى ناچار ئىكەن. دادىسى تېرىكىپ سوراپتۇ:

— سېنىڭ ئۆگىنىش نەتىجەڭ نېمانداق تۆۋەن؟ دائىم دېگۇدەك بىر ياكى ئىككى نومۇرلا ئالىسەن؟

— دادا، سەن بىلمەيسەن، موللام ياخشى نومۇرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئوغلىغا بېرىدىكەن، ماڭا كەلگەندە بولسا، ساپلا بىر نومۇر ياكى ئىككى نومۇرلار ئېشىپ قالىدىكەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ياڭاق بۆلگەنلىك ھەققى

ئىككى بالا ئويناۋېتىپ بىر تال ياڭاق تېپىۋاپتۇ ۋە بۇ ياڭاقنى بۆلۈشكىچە تالىشىپ سوقۇشۇپ قاپتۇ. ئەپەندى ئىشنىڭ جەريانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باللارنىڭ قولىدىن ياڭاقنى ئېلىپ پىچىقى بىلەن ئوتتۇرىدىن ئىككىگە ئاجرىتىپ، ئىككى بالىغا يېرىمدىن شاكالنى بېرىپتۇ - دە، مېغىزىنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇپ:

— مانا بۇ سىلەرگە ياڭاق بۆلۈپ بەرگەن ھەققىم، — دەپتۇ.



# قالغان گەپنى كېيىن دېيىشىمىز

ئەپەندى بىلەن بالىسى قولۋاققا ئولتۇرۇپ دەريانى سەيلە قىلىپتۇ، ئۇلار دەريانىڭ قاق ئوتتۇرىغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، سۇ يۈزىدە دولقۇنلار ھاسىل بوپتۇ.

ئەپەندى دەرھال ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇدادىن تىلەشكە باشلاپتۇ:

— ئەي ھەممىگە قادىر خۇدا، بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، ئەگەر سەن ئاتا - بالا ئىككىمىزنى ساق - سالامەت ئۇ قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قويساڭ، مەن قوي سويۇپ نەزىر بېرىمەن، ھەربىر قەبرىگە بىردىن شام يېقىپ چىقىمەن.

— دادا، بىزدە ياندۇرغۇدەك كىرسىن چىراغمۇ بولمىسا، ھەربىر قەبرىگە ياققۇدەك شام نېمە قىلىسۇن؟

— ئاغزىڭنى يۇم، بىز ئاۋۋال ساق - سالامەت ئۇ قىرغاققا بېرىۋالايلى، قالغان گەپنى كېيىن دېيىشىمىز، — دەپتۇ ئەپەندى.



# دانا

بىر كۈنى، ئەپەندىنىڭ ئوغلى بالىلارچە ئوماقلىق بىلەن ئەپەندىگە:

— دادا، دادا، مەن سىنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى بىلىۋالدىم! — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەپەندى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— خوتۇن، ئاڭلىدىڭمۇ، مېنىڭ ئوغلۇم راستىنىلا دانا ئىكەن، ئۇ ئۆزى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى ئىشلارنىمۇ ئېسىدە تۇتالايدىكەن، — دەپتۇ.



# ئاۋۋال سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىپ كېلەي

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىگە:

— ئەپەندى، سىنىڭ گېپىڭ بەك تاتلىق، خۇددى ھەسەل مىلەپ قويغاندەكلا، لېكىن سەن ماڭا چىن كۆڭلۈڭدىن سادىق ئەمەسقۇ دەيمەن، — دەپتۇ.

— ياق ئالىيلىرى. سىز خاتا دېدىڭىز، مەن سىزگە ئىزچىل سادىق بولۇپ كېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.

— ئۇنداقتا مەن سېنى ئەمەلىي ھەرىكىتىڭ ئارقىلىق سىناپ باقاي، سەن ماۋۇ چوڭقۇر قۇدۇققا سەكرەپ باققىن، — دەپتۇ پادىشاھ.

بۇنى ئاڭلىغان ئەپەندى دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ مېڭىپتۇ.

— ئەپەندى، نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن ئاۋۋال بېلىقچى ئاغىنەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىپ كېلىپ، ئاندىن سەكرەي! — دەپتۇ ئەپەندى.



# خۇدايىم بەرسۇن!

بىر كۈنى ئەپەندى تام بېشىغا چىقىپ، ھويلىنىڭ تېمى-نى ياساۋاتسا، بىرى ئىشىك چېكىپتۇ. ئەپەندى قارىسا بىر دېۋانە ئىكەن. دېۋانە ئەپەندىگە:

— تەقسىر، پەسكە بىر چۈشكەن بولسىڭىز! — دەپتۇ.

ئەپەندى دېۋانىنىڭ راستىنىلا بىر ئىشى بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ پەسكە چۈشۈپتۇ.

دېۋانە ئەپەندىگە:

— خۇدانىڭ ھەققىدە، ئازراق سەدىقە بەرسىڭىز بوپ-تىكەن، — دەپتۇ.

ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ئاچچىقى كەپتۇ ۋە دېۋا-نىنى تارتىپ ئەكېلىپ قولىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— تام بېشىغا بىر چىققان بولسىڭىز! — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن بىرلىكتە تام بېشىغا چىقىپ-تۇ.

— بۇ يەر خۇدايىمغا يېقىنراق، ئەمدى سىزگە خۇدايىم بەرسۇن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# سىز ئالدىنىپ قاپسىز

بىر كۈنى، ئەپەندى قازى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. قازى ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندى، ئاڭلىسام، تۈنۈگۈن جۈمە نامازدىن يانغاندا، جامائەت مېنى ئاق كۆڭۈل، ئادالەتپەرۋەر دەپ ماختىشىپتۇ، راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك قازى جانابلىرى، سىز ئالدىنىپ قاپسىز. مەن ئەزەلدىن بىراۋنىڭ سىزنى ماختىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم، — دەپتۇ ئەپەندى.



# شۇملۇقنىڭ بېشارىتى

بىر كۈنى، پادىشاھنىڭ كەيپىياتى تازا ياخشى بولمىغاچقا، شىكارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ كۆڭلىنى ئاچماقچى بوپتۇ. ئۇ ئوردىدىن چىقىۋاتقاندا، ئەپەندىگە ئۇچراپ قاپتۇ.

— نۆكەرلەر، ماۋۇ بالا ـ قازا ئەبلەخنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ھەيدىۋېتىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ نۆكەرلىرىگە، — ئوۋغا چىقىشتىن بۇرۇن بۇنىڭغا ئۇچراپ قېلىش ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس.

نۆكەرلەر پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. ئەكسىچە ئۇ كۈنى شىكار ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بوپتۇ، پادىشاھ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەپتۇ. كېيىن پادىشاھ ئەپەندىنى چاقىرتىپ:

— ئەيىبكە بۇيرۇمىغىن، ئەپەندى، مەن ئەسلىدە سېنى شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسكەن، — دەپتۇ.

— سىلى ئەسلىدە مېنى شۇملۇقنىڭ بېشارىتى دەپ ئويلاپتىكەنلا، — دەپتۇ ئەپەندى، — بىراق مەن سىلىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن ئۇرغۇنلىغان ئولجىغا ئېرىشىپلا، لېكىن سىلى ماڭا ئۇچراپ، مەن قامچا يېدىم، زادى كىم شۇملۇقنىڭ بېشارىتى؟



# ئۇسساپ قالمىسۇن دەپ

ئەپەندى بىر تويغا بېرىپتۇ. داستىخانغا ھەرخىل پېچىنە - پىرەنىكلەر، مېۋە - چېۋىلەر ۋە ئېسىل تائاملار تىزىلغاندىن كېيىن، ئەپەندىنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان، بېشىغا يوغان سەللە يۆگىۋالغان بىرى خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك، نازۇ - نېمەتلەرنى يالماپ - يالماپ يېيىشكە باشلاپتۇ ھەمدە باشقىلار دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، يانچۇقىغىمۇ بىرمۇنچە نازۇ نېمەتلەرنى تىقىپتۇ.

ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا چىدىمىغان ئەپەندى بىر چەينەك چاينى ئېلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ يانچۇقىغا چاي قۇيۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— ئەپەندى، بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟ نەدە خەقنىڭ يانچۇقىغا چاي قۇيغان بار، — دەپتىكەن، ئەپەندى:

— بايام يانچۇقىڭىز مەزەنى خېلى يېدى، بەلكىم ئۇسساپ قالغاندۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



# ھېسابلاش

ئەپەندى دەريا بويىدا ئولتۇرسا، خەقلەر ئۇنىڭدىن سو-راپتۇ:

— ئەپەندى، سىزنى ھېسابلاشقا بەك ئۇستا دەپ ئاڭلى-دۇق، ئۇنداقتا سىز ھېسابلاپ بېقىڭە، بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئەگەر چېلەك بىلەن ئۆلچىسە، قانچە چېلەك چىقار؟

— سىلەرگە ئېيتسام، ئەگەر ئۇ چېلەكنىڭ چوڭلۇقى مۇشۇ دەريا بىلەن تەڭ بولسا، بىر چېلەك چىقىدۇ؛ ئەگەر ئۇ چېلەك مۇشۇ دەريانىڭ يېرىمىغا تەڭ بولسا، ئىككى چېلەك چىقىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ئۆزۈمنى بېلىقمىكىن دەپتىمەن

بىر كۈنى، ئەپەندىنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنى بىرلىكتە بېلىق تۇتۇپ كېلىشكە تەكلىپ قىپتۇ. ئەپەندى رەت قىلىشتىن خىجىل بولۇپ، بىرلىكتە بېرىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەپەندى بېلىق تۇتۇشنى ياخشى كۆرمەيدىكەن، چۈنكى ئۇ ئاشۇ بىچارە جانىۋارلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشنى خالىمايدىكەن.

كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەپەندىنىڭ ئاغىنىلىرى بېلىق تۇتۇشقا باشلاپتۇ. تۇيۇقسىز، بىر ئاغىنىسى ناھايىتى يوغان بېلىقتىن بىرنى قارماققا ئىلىندۇرۇپتۇ. ئەپەندىنىڭ ئۇ بېلىققا ئىچى ئاغرىغان بولسىمۇ، دەماللىققا ئۇ بېلىقنى قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى تاپالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئالدىرىغانلىقتىن ئۆزىنى سۇغا ئېتىپتۇ. دېگەندەك ھېلىقى بېلىق قېچىپ كېتىپتۇ.

— ئاپلا، ئەپەندى، بۇ سىزنىڭ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىلىرى ئەجەبلەنگەن ھالدا.

— ھېچنېمە، مەن ئۆزۈمنى بېلىقمىكىن دەپتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ.



# خىجىل بولىدىغان ئىش

ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى بار ئىكەن، دائىم ئەپەندىدىن پارچە پۇل قەرز ئېلىپ قايتۇرمايدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ يەنە ئەپەندىدىن پۇل قەرز ئالغىلى كەپتۇ. ئەپەندى ئۇنىڭدىن:
— ئاداش، سەن دائىم مەندىن پارچە پۇل سورىساڭ، ۋاقتى كەلگەندە، سەندىن سوراشقا خىجىل بولىدىكەنمەن، توغرا دېدىممۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
— توغرا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاغىنىسى.
— خوش، ئەمىسە سېنىڭ يا قولۇڭ، يا پۇتۇڭ كەم ئەمەس، شۇڭلاشقا پۈتۈن پۇل سوراشقا خىجىل بولىسەن، توغرا دېدىممۇ؟
— توغرا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاغىنىسى.
— ئۇنداق بولسا ئاداش، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىلىمىز بۇنداق خىجىل بولىدىغان ئىشلارنى قىلمايلى! — دەپتۇ ئە- پەندى.



# يارلىقىڭىزنى يېزىۋاتىمەن

ئەپەندى بىر تارىخنامە يېزىۋاتقان چاغلىرىدا، بىر كۈنى پادىشاھ چاقىرتىپ بۇيرۇق قىپتۇ:

— ئەپەندى، سەن يېزىۋاتقان كىتابىڭغا، مەن توغرۇلۇق ھېچنېمە يازما!

ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال قەلىمىنى ئېلىپ يازغىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەن نېمە يېزىۋاتىسەن؟

— پادىشاھ ئالىيلىرى، مەن سىزنىڭ بايامقى مۇقەددەس يارلىقىڭىزنى يېزىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.




# ۋىجدانىڭنى تارازىلاپ باق

بازاردا بىر ساختىپەز قاسساپ بار ئىكەن، ئۇ دائىم گۆش ساتقاندا، گۆشنى كەم جىڭلاپ بېرىدىكەن. بىر كۈنى، ئەپەندى يەنە گۆش سېتىۋالغىلى كەپتۇ. ئۇ بۇ قېتىممۇ ئەپەندىگە يېرىم جىڭدىن جىقراق گۆشنى كەم جىڭلاپ بېرىپ-تۇ. ئەپەندى بۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىپ سوراپتۇ:

— ھەي! سەن نېمىشقا يەنە ماڭا يېرىم جىڭدىن جىق گۆشنى كەم جىڭلاپ بېرىسەن؟

— مۇمكىن ئەمەس، مېنىڭ بۇ تارازام دۇنيادىكى بىر-دىنبىر ئادىل تارازا، — دەپتۇ ساختىپەز قاسساپ گەپ بەر-مەي.

— ئۇنداقتا، سەن ئاشۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر تارازاڭ بىلەن ۋىجدانىڭنى تارازىلاپ باق! — دەپتۇ ئەپەندى.



# سىزنى قوشقاندا بەش بولىدۇ

مەمەدانلىقتا ئۇچىغا چىققان بىرەيلەن، مەسچىتكە ئى-ماملىققا سايلىنىپتۇ. ئۇ مەسچىتنىڭ مەزىنى بولغان ئەپەن-دىگە چاقچاق قىلىپ:

— مەزىن ئاخۇنۇم، سىز مەزىن بولغاننىڭياقى، قانچە ئىمامنىڭ نامىزىنى چۇشۇردىڭىز؟ — دەپتۇ.

— سىزنى قوشقاندا جەمئىي بەشىنىڭ، — دەپ جاۋاب بىرىپتۇ ئەپەندى.



# پۇل ۋە ئابرۇي

ئەپەندى بىر سودىگەر بىلەن پۇل توغرۇلۇق تاكاللىشىپ قاپتۇ.

— ئەپەندى، سىزمۇ ئادەم بولامسىز؟ كۈن بويى پۇل، پۇل، پۇل دەپلا يۈرىدىكەنسىز، مەن ھەرگىزمۇ بۇنچىلىك پۇلنى دەپ خەق بىلەن بويۇنلىرىم قىزىرىپ كەتكۈچە تالاشمايمەن، ماڭا پۇل ئەمەس ئابرۇي كېرەك، — دەپتۇ سودىگەر ئەپەندىگە.

— سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز ئىنتايىن ئورۇنلۇق، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئېھتىياجى بولىدۇ. ماڭا لازىمى پۇل، سىزگە لازىمى ئابرۇي، — دەپتۇ ئەپەندى.



# مېۋىسىنى كىم يەيدۇ

باغۋەنچىلىككە ئالاھىدە ئىشتىياقى بار ئەپەندى ئەتىگەندىن - كەچكىچە باغنىڭ ئىچىدە ھېلى بۇ يەرگە بىر كۆچەت تىكسە، ھېلى ئۇ يەرگە بىر كۆچەت تىكىپ، بىردە ئۇ شاخنى كەسسە، بىردە بۇ شاخنى پۇتاپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپتۇ.

بىر كۈنى، ئەپەندىنىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ھەركۈنى جاپا چېكىپ نۇرغۇنلىغان كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈپسىز، بىراق، يېشىڭىز بىر يەرگە بارغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ مېۋىسىنى كىم يەيدۇ؟

ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئاداش، سىز «ئاۋۋالقىلار دەرەخ تىكسە، كېيىنكىلەر سايىدايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ بىزنىڭ ھازىر يەۋاتقان مېۋىلىرىمىز بۇرۇنقىلار تىككەن كۆچەتلەردىن كەلگەن ئەمەسمۇ، بىز ھازىر كۆچەت تىكسەك، مېۋىسىنى ئەلۋەتتە كېيىنكىلەر يەيدۇ - دە، — دەپتۇ.



# تەكىيە قىلاتتىم

ئەپەندى شەھەردىن قايتىشىدا كەچ قىلىپ، يېرىم يولدا بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالماقچى بوپتۇ. ئۇ ئاغىنىسى ئەپەندىنىڭ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى سورىمايلا، ئۇخلايدىغان ئورنىنى راسلاپ بېرىپ، خانىسىغا ئۇخلىغىلى كىرىپ كېتىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن ئەپەندى ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ. ئاخىر تاقەت قىلالماي ئاغىنىسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ.

— خوش، نېمە گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— ناندىن ئىككىنى سۇنۇۋەتسىڭىز بوپتىكەن، — دەپتۇ ئەپەندى.

— بۇ يېرىم كېچىدەناننى نېمە قىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ئاغىنىسى.

— تەكىيە بەك پاكار بولۇپ قاپتىكەن، پەقەتلا ئۇخلىيالمىدىم، ناننى تەكىيە قىلاي دېگەنتىم، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئېشەك بار يەرگە

بىر كۈنى، يۈزبېشى مېھمان چاقىرىپتۇ، چاقىرغان مېھمانلار ئىچىدە ئەپەندىمۇ بار ئىكەن. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغان بولسىمۇ، ئەپەندى خېلىغىچە كەلمەپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن، ئەپەندى ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەپتۇ.

— ئەپەندى، سىزنىڭ مۇشۇ بىدىگە ئوخشايدىغان ساقىلىڭىز پۇتىڭىزغا پۇتلىشىپ كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن! — دەپ چاقچاق قىپتۇ يۈزبېشى.

— توغرا تەقسىر، ئېشەك بار يەرگە ئەلۋەتتە بىرئاز بىدە ئالغاچ كېلىش كېرەك - دە، — دەپتۇ ئەپەندى.



# جاھاندا يوق كۈن

ئەپەندى بوياقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، ئۆزىنى ئىنتايىن ئەقىللىق چاغلايدىغان بىرى بىر پارچە ئاپئاق رەختنى ئەپەندىنىڭ قېشىغا كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— ئەپەندى، مۇنۇ رەختنى دۇنيادا يوق بىر رەڭ بىلەن بوياپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

— دۇنيادا يوق رەڭ دېگەن قانداق رەڭ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندى.

— قىزىلمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، كۆكمۇ ئەمەس، سېرىقمۇ ئەمەس، شۇنداقلا يېشىلمۇ ئەمەس، سۆسۈنمۇ ئەمەس، ئىشقىلىپ دۇنيادا يوق بىر رەڭ، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم.

— بولىدۇ، مەن سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز بويىچە بوياپ بېرەي!

— ئۇنداقتا مەن قاچان كېلىپ ئالىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئادەم.

— جاھاندا يوق بىر كۈندە كېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# چۈشنىڭ تەبىرى

پادىشاھ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئادەم ئۇنىڭ چىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇلۇۋاپتۇدەك. ئەتىسى، پادىشاھ چۈشنى ۋەزىرىگە ئېيتىپ بېرىپ چۈشكە تەبىر بېرىشنى سوراپتۇ.

— ئالىيلىرى، چۈشىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىدىكەن، پەقەت سىزلا قالىدىكەنسىز، — دەپتۇ ۋەزىر.

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپتۇ ۋە ۋەزىرنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، ئەپەندى ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ كۆرگەن چۈشنى ئەپەندىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئەپەندىنىڭ تەبىر بېرىشنى سوراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك ئالىيلىرى، — دەپتۇ ئەپەندى، — قارىغاندا، سىزنىڭ ئۆمرىڭىز تۇغقانلىرىڭىزدىن ئۇزۇن بولىدىكەن.



پادىشاھ ئەپەندىنىڭ تەبىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن سوۋغىلارنى ھەدىيە قىپتۇ.

# مۇكاپاتنىڭ يېرىمى

ئەپەندى پادىشاھقا بىر خۇش خەۋەر ئەكەپتۇ، لېكىن ئۇ پادىشاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا پەقەتلا ئېرىشەلمەپتۇ. كېيىن بىرمۇنچە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن، ئاندىن پادىشاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىنىڭ ئەكەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بوپتۇ.

— ئەپەندى، سەن نېمە مۇكاپات ئېلىشنى ئويلاۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئەپەندىدىن.

— مەن ئەللىك دەررە يېيىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.

پادىشاھ ھەيرانلىق ئىچىدە ئەپەندىنى ئەللىك دەررە ئۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ. ئۇرۇپ يىگىرمە بەش دەررىگە كەلگەندە، ئەپەندى ۋارقىراپتۇ:

— توختاڭلار! قالغان يىگىرمە بەش دەررىنى مېنىڭ شېرىكىمگە بېرىڭلار!

— كىم سېنىڭ شېرىكىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— مەن سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، سىزنىڭ قاراۋۇللىرىڭىز مېنى سىز بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى، مەن ئۇلارغا ئالغان مۇكاپاتىمنىڭ يېرىمىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغاندىن كېيىن ئاندىن كىرگۈزگەن، — دەپتۇ ئەپەندى.

# ئۇخلىۋېلىپ كەلگەن

بىر كۈنى ئەپەندى، ناتونۇش بىر يېزىغا كېلىپ نەگە كىرىشىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، ئاۋۋال مەھەللىنىڭ ئىمامىنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمامنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ.

ئىمام ئەپەندىنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ خېلى ئۇزۇن ئۆتكەندىن كېيىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سىز قاياقتىن كېلىۋاتىسىز؟ قورساقىڭىز ئاچتىمۇ ياكى ئۇيقۇڭىز كەلدىمۇ؟

ئەپەندى ئىمامنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن پىخسىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ:

— ھۆرمەتلىك ئىمام ئاخۇنۇم، مەن بۇ يەرگە كېلىش-تىن بۇرۇن، ئۆيدە ئىنتايىن شېرىن ئۇخلىۋېلىپ كەل-گەن، — دەپتۇ.



# ئابى رەھمەت

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ھاۋا گۈلدۈرلەپ شارقىراپ يامغۇر يېغىپتۇ. ئەپەندى دەرھال ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. مەسچىتنىڭ پەشتىقىدا يامغۇردىن دالدىلىنىپ تۇرغان ئىمام بۇنى كۆرۈپ، ئەپەندىگە ۋارقىراپتۇ:

— ئەپەندى، بۇ يامغۇر ئۇلۇغ ئاللانىڭ بىزگە ئىلتىپات قىلىپ ئەۋەتكەن رەھمەت سۈيى، بۇنى بىز «ئابى رەھمەت» دەيمىز. سىز نېمىشقا ئۇنىڭدىن قاچىسىز؟

— بۇ يامغۇرنىڭ مۇبارەك يامغۇر ئىكەنلىكىنى مەنمۇ ئوبدان بىلىمەن. دەل شۇ سەۋەبتىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىمەن، ئەگەر ئۇ يەردە تۇرۇۋالسام، بۇ ئابى رەھمەت سۈيىگە داغ تەگكۈزگەن بولۇپ قالىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.



# ئادەم بولۇشنىڭ يولى

ئەپەندى خەق بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، بىرەيلەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىپلا سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئادەم بولۇشنىڭ يولى نېمە؟

ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ، بېشىنى چايقاپ جاۋاب بېرىپتۇ:

— گەپ قىلغان ئادەم ئەستايىدىللىق بىلەن سۆزلىشى، باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىقى لازىم، تىڭشاپ ئولتۇرغان ئادەم ئەستايىدىل ئاڭلىشى، باشقىلارنىڭ گېپىگە قوشۇق سالماسلىقى لازىم.



# كۈندۈزدىكى يۇلتۇز

بىر قارا قورساق ئادەم ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ئاڭلىسام كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرەلىگەن ئادەم ئىنتايىن بەختلىك بولىدىكەن، قانداق قىلغاندا كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرگىلى بولىدۇ؟

— بۇنىڭ ئۈچۈن، — دەپتۇ ئەپەندى، — ئۆزىڭىزنى قاراڭغۇ كىچىك بىر ئۆيگە سولىۋېلىپ، قىرىق كۈنگىچە سىرتقا چىقماڭ، كۈندە ئۈچ ۋاخ سۇيۇق - سەلەڭ تاماق يەڭ، تامىقىڭىزغا ھەرگىزمۇ ماي ئارىلاشمىسۇن. قىرىق كۈندىن كېيىن سىرتقا چىقسىڭىز، يۇلتۇز كۆرەلەيسىز.

ھېلىقى ئادەم ئەپەندىنىڭ دېگىنى بويىچە، قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقماي، قاتتىق - قۇرۇق تاماق يەپ، قىرىق كۈننى توشقۇزۇپ سىرتقا چىقىپتىكەن، پۇت - قوللىرى تىترەپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، نەگىلا قارىسا، كۆزىگە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار كۆرۈنۈپتۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۆز - ئۆزىگە:

«ئەپەندىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە بارىكاللا، ئاخىر كۈندۈزى يۇلتۇز كۆرەلىدىم» دەپتۇ.



# گۇۋاھلىق بېرىش

قازى دەۋا ئىشلىرىنى دائىم يالغان گۇۋاھ بېرىدىغان ئادەملەرگە تايىنىپ ئېلىپ بارىدىكەن. ئەپەندى بىر يوقسۇل كىشىنىڭ دەۋاسىغا گۇۋاھلىق بېرىش ئۈچۈن قازىخانىغا كەپ-تۇ. قازى ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە پايدىسىز گەپلەرنى قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، ئەپەندىنى گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزمەس-لىككە ئامال ئىزدەپتۇ.

— ئەپەندى، گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈش ئۈچۈن چوقۇم ئىخ-لاسمەن مۇسۇلمان بەندىسى بولۇشى، قۇرئاننىڭ سۈرىلىرى-نى يادقا بىلىشى كېرەك، — دەپتۇ.

ئەپەندى قازىنىڭ دېگىنى بويىچە قۇرئاننىڭ سۈرىسىنى بىر سۆزىنىمۇ قالدۇرماي يادلاپ بېرىپتۇ. قازى يەنە روھنى پاكلايدىغان سۈرىنى يادلاشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەپەندى ئۇنىمۇ تولۇق يادلاپ بېرىپتۇ.

— ئاران بۇلارنى يادلىغان بىلەنلا كۇپايە ئەمەس، سىز چوقۇم مېيىت نامىزىنى چۈشۈرگەندە ئوقۇيدىغان سۈرىنى يادقا بىلىشىڭىز كېرەك، — دەپتۇ قازى ئەپەندىنى قىيناپ.

— ئۇ سۈرە مەن ئۈچۈن تېخىمۇ ئاسان، مەن ئەڭ تولۇق بىلىدىغىنىممۇ ئاشۇ سۈرە، ئەگەر سىزنىڭ راستىنىلا ئاڭلىغۇڭىز بولسا، مەن سىزگە بەك بۇرۇن ئوقۇپ بەرگەن بولۇپ قالامدىم؟! — دەپتۇ ئەپەندى.

# پەرىشتىلەرنىڭمۇ ماڭا ھاجىتى چۈشۈپتۇ - دە!

ئەپەندى قازى بولغاندىن بىرى، ئۇنىڭ كەينىدە شاپاش-لاپ يۈرۈپ خۇشامەت قىلىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپلەپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئەپەندىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ جاھاندا تەڭداشسىز قىلىۋېتىدىكەن. بىر كۈنى، بىرەيلەن ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ:

— ئەپەندى، مەن ئاخشام بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە پەرىشتىلەر سىزنى بىر توپ پەرىزاتلارغا ماختاپ بېرىۋاتقۇدەك، — دەپتۇ.

— ئوھ، راستما؟ — دەپتۇ ئەپەندى پېشانىسىگە بىرنى قويۇپ، — قارىغاندا، پەرىشتىلەرنىڭمۇ ماڭا ھاجىتى چۈشۈپتۇ - دە!



# كالاچىنىڭ مىجەزى

ئەپەندى بىر تويغا بېرىپ، كالىچىنى سېلىپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، سورۇنغا كىرىپتۇ.

بىر مېھمان ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، كالىچىڭىزنى ئىشىك تۈۋىگە قويۇپ قويماي، قولتۇقىڭىزغا قىستۇرۇۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇرادەر، مەن بۇ كالىچىمنىڭ مىجەزىنى بەك ئوبدان بىلىمەن، ئەگەر كىم ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭسا، ئۇ ئۆز ئىگىسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ شۇ ئادەم بىلەن كېتىۋېرىدۇ! — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئاللانىڭ ئۆيى

بىر كۈنى كەچتە، بىرى ئەپەندىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ، ئەپەندى بېرىپ ئىشىكنى ئاچسا، ئىشىك تۈۋىدە بىر ناتونۇش ئادەم تۇرغۇدەك.

ئەپەندى ئۇ ئادەمدىن سوراپتۇ:

— ئۆزلىرىنىڭ بىرەر مۇھىم ئىشلىرى بارمۇ؟

— مەن ئاللانىڭ مېھمىنى، يىراق يەردىن كېلدىشىم! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ناتونۇش ئادەم.

— سىزنى قارشى ئالىمەن، بىراق بۇ ئاللانىڭ ئۆيى ئەمەس، ئاللانىڭ ئۆيى ئاۋۇ يەردە! — دەپ مەسچىتنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ ئەپەندى.



# ئەركەكزەدەك بىلىق

بىر كۈنى، ئەپەندى پادىشاھقا بىر تال يوغان ئالتۇنبې-لىق.سوۋغا قىپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدا ئۇنىڭغا بىر تال ئالتۇن تىللا ھەدىيە قىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ۋەزىر نارازى بولۇپ پادىشاھقا:

— ئالىيلىرى، بىر تال بېلىق ئۇچۇن بىر تال تىللا بەرگىلى تۇرسىڭىز، دۆلەت خەزىنىسى ئىككى كۈندىلا قۇ-رۇقدىلىنىپ قالامدۇ؟ دەرھال ئۇ تىللانى قايتۇرۇۋال-سىلا! — دەپتۇ.

پادىشاھ تەڭلىكتە قېلىپ:

— ئەگەر تىللانى قايتۇرۇۋالسام، مېنىڭ يۈزۈمگە سەت بولمامدۇ! — دەپتۇ.

— بۇنىڭ ئامالى ئاسان، — دەپتۇ ۋەزىر ئەقىل كۆرسىتىپ، — سىز دەرھال ئەپەندىنى چاقىرتىپ كېلىڭ، ئاندىن ئۇنىڭدىن «بېلىقىڭىز ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟» دەپ سورايسىز، ئەگەر چىشى دېسە، ماڭا «ئەركەك بېلىق» كې-رەك دەيسىز، ئەگەر ئەركەك دېسە، سىز ماڭا «چىشى بېلىق» كېرەك دەيسىز. ئاندىن سىز بېلىقنى ئۇنىڭغا ياندۇ-رۇپ بېرىپ، تىللانى قايتۇرۇۋالايسىز.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ گېپىگە ئاساسەن ئەپەندىنى چاقىر-تىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندى، بۇ بېلىقىڭىز ئەركەكمۇ ياكى چىشى-مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھنىڭ گەپ - سۆزىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى تۇيۇپ قالغان ئەپەندى:

— بۇ بېلىق ئەركەكمۇ ئەمەس، چىشىمۇ ئەمەس، ئەر-كەكزەدەك بېلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان پادىشاھ بىلەن ۋەزىرى گەپ قىلال-ماي قاپتۇ.



# ساراڭنى گەپكە كۆندۈرۈش

بىر ساراڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، يولدا ماڭغان ئادەملەرنى توسۇۋېلىپ، ھەممىسىنى بىرلا تەرەپكە مېڭىشقا بۇيرۇپتۇ. ھېچكىم بۇ ساراڭنى گەپكە كۆندۈرەلمەي، ئەپەندىنى چاقىرتىپ كەپتۇ.

ئەپەندى كېلىپ، ساراڭنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلاپ:

— بىزنىڭ بۇ كوچىمىز بەئەينى چوڭ بىر پاراخوتنىڭ ئۆزى، ئەگەر خەقلەرنىڭ ھەممىسى بىرلا تەرەپكە قاراپ ماڭسا، پاراخوت ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ. بىز ھەممىمىز دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىمىز، — دەپتۇ.

ساراڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئەپەندىنىڭ دېگىنى راست ئوخشايدۇ دەپ كېتىپ قاپتۇ.




# پەرقى چوڭ ئەمەس

بىر كۈنى، ئەپەندى ھاممامغا يۇيۇنغىلى بېرىپتۇ. ئۇ ئالمان - تالمان، پەشتاقتا ئولتۇرۇپ يۇيۇنۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، يۇيۇنۇشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى ئادەم دەل شۇ جاينىڭ قازىسى ئىكەن. قازى غەزەپ- لەنگەن ھالدا ئەپەندىگە:

— ھەي! سەن مەندىن نېرىراق تۇر! سەندەك ئەدەپسىز ئەبلەخنىڭ ئېشەك بىلەن نېمە پەرقىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

ئەپەندى دەررۇ بېرىپ، قولى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرد- سىدىكى ئارىلىقنى غېرىچلاپ كۆرۈپ:

— پەرقى چوڭ ئەمەس، پەقەت ئىككى غېرىچ كېلىد- دىكەن، — دەپتۇ.




# كاللىسىغا ئەقىل توشۇپ كەتكەن

بىر كىشى ئەپەندىگە پادىشاھنى ماختاۋېرىپتۇ:

— بىزنىڭ پادىشاھىمىز ئىنتايىن ئەقىللىق، كاللىسى پۈتۈنلەي ئەقىل - پاراسەت بىلەن تولغان!

— ئېيتقىنىڭىز ئىنتايىن توغرا، چۈنكى بىزنىڭ پادى-شاھىمىز ئادەتتە ئانچە ئەقىل ئىشلەتمەيدۇ، شۇڭا ئەقىل - پاراسەتلەر كاللىسىغا لىق توشۇپ كەتكەن. بۇنىڭغا ئە-جەبلىنىش كەتمەيدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# پاراڭلىشىۋاتقاندا

ئەپەندى يايما يېيىپ ھەسەل ساتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر پىخسىق سودىگەر ئەپەندىنى قاقتى - سوقتى قىلماقچى بوپتۇ. ئۇ بىر قاچىنى ئەپەندىگە سۇنۇپ، بىر قاچا ھەسەل جىڭلاپ بېرىڭ، دەپتۇ. ئەپەندى قاچىغا ھەسەل تولدۇرۇپ، جىڭلاۋاتقاندا، سودىگەر قەستەن ئەپەندىنى گەپكە تۇتۇپ پاراڭلاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندى ھەسەلنى جىڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى سودىگەر پۇلنى تۆلىمەيلا ھەسەلنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

— ھەي، سىز تېخى ھەسەلنىڭ پۇلىنى تۆلىمىدىڭىز! — دەپ چاقىرىپتۇ ئەپەندى.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، بايام پاراڭلىشىۋاتقاندا پۇلنى تۆلەپ بولدۇمغۇ دەيمەن، — دەپتۇ سودىگەر تىنىۋېلىپ.

ئەپەندى سودىگەرنىڭ قولىدىكى قاچىنى ئېلىۋېلىپ، قاچىدىكى ھەسەلنى تۇڭغا قۇيۇۋېتىپتۇ، ئاندىن تىلى بىلەن چىنىدىكى ھەسەل يۇقىنى پاكىز يالىۋالغاندىن كېيىن قۇرۇق چىنىنى سودىگەرگە قايتۇرۇپ بېرىپ:



— مېنىڭمۇ ئېسىمدە قېلىشىچە، بايام پاراڭلىشىۋاتقاندا ھەسەلنى يەپ بولدىڭىزغۇ دەيمەن، — دەپتۇ.

# رەڭگىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەس

تېنى ئاجىز، كېسەلچان ئىمام كەچلىك بازاردا كېتىۋېتىپ ئەپەندىگە ئۇچراپ قاپتۇ:

— ئەپەندى، مەن بازارنى بىر ئايلىنىپلا چىقىمەن، سىز مۇشۇ يەردە مېنى ساقلاپ تۇرۇڭ، بىز بىرلىكتە پاراڭلاشقاچ قايتايلى، سىزمۇ يولدا زېرىكىپ قالمايسىز، — دەپتۇ.

ئەپەندى ئۇنىڭ ئۆزىگە يول بويى مال قاچىلانغان خۇرجۇننى كۆتۈرگۈزىدىغان مەقسىتىنى تۇيۇپ قاپتۇ - دە، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك ئاخۇنۇم، سىزنىڭ رەڭگىڭىز تازا ياخشى ئەمەس تۇرىدۇ، قارىغاندا بەك چارچاپ، كونا كېسىلىڭىز قوزغىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، يەنىلا مەن ئاۋۋال بېرىپ ئۆيىڭىزدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ قوياي، ئۇلار تېۋىپ چاقىرىپ، ھاردۇق ئېشى ئەتكەچ تۇرسۇن، — دەپتۇ.



# ئۆلمىگۈر ئەبلەخ

ئەپەندى بازارغا كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشۈپتۇ، ئۇ ھېلىقى تاشقا قاراپ:

«ھۇ ئۆلمىگۈر!» دەپ تىللاپتۇ.

دەل مۇشۇ چاغدا قارشى تەرەپتىن بىر ئىشان كېلىپ قاپتۇ. ئىشان ئەپەندىنى ئۆزىنى تىللاۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئەپەندىگە ئېسىلىۋاپتۇ ھەمدە ئۇنى سۆرەپ قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ.

قازى دەۋانى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئەپەندىنى يېرىم سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلەشكە بۇيرۇپتۇ. ئەپەندى كۆڭلىدە نارازى بولسىمۇ، يەنىلا بىر سەر كۈمۈش چىقىرىپ قازىغا بېرىپتۇ-دە:

— ئەگەر ئاشۇ «ھۇ ئۆلمىگۈر» دېگەنگە يېرىم سەر كۈمۈش ئالىدىغان ئىشىڭىز بولسا، قالغان يېرىم سەر كۈمۈش ئۈچۈن سىزنىمۇ بىر تىللىۋالاي، «ھۇ ئۆلمىگۈر ئەبلەخ»، — دەپتۇ.



# تەمى سىزنىڭ يانچۇقىڭىزدا

بىر يىلى، ئەپەندى قوغۇن تېرىپتۇ. يېزىدىكى يۈزبېشى دائىم دېگۈدەك قوغۇنلۇققا كېلىپ قوغۇننى بىكارغا يېگەننى ئاز دەپ، يەنە تېخى تاغارغا قاچىلاپ ئەكېتىدىكەن.

بىر كۈنى، ئەپەندى بازاردا قوغۇن سېتىپ ئولتۇرسا، يۈزبېشى كېلىپ بىكارغا قوغۇن يەپتۇ ۋە:

— ئەپەندى، قوغۇنلىرىڭىزنىڭ نېمانداق تەمى يوق؟ — دەپتۇ.

— يۈزبېشى ھەزرەتلىرى، بىكارغا يېگەن قوغۇننىڭ ئەلۋەتتە تەمى بولمايدۇ، ئۇنىڭ تەمى سىزنىڭ يانچۇقىڭىزدا، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزى ئۈچۈن

بىر مەككار سودىگەر ئەپەندىدىن تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆچكە مۈڭگۈزى سوۋغا قىپتۇ.

— كىچىككىنە كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلغايسىز! — دەپتۇ ئۇ.

ئەپەندى ئىنتايىن ئەدەپ بىلەن «رەھمەت» ئېيتىپ، بۇ ئۆچكە مۈڭگۈزىنى يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ.

— ئەپەندى، نېمىشقا ئۇنى تاشلىۋېتىسىز؟ — دەپتۇ مەككار سودىگەر خاپا بولۇپ.

— مەن بۇ كىچىككىنە ئۆچكە مۈڭگۈزىنى دەپ، پۈتۈن بىر قويۇمدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمايمەن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# زىنداننى كۆزدىن كەچۈرۈش

بىر كۈنى، پادىشاھ ئەپەندىنى باشلاپ، زىنداننى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. پادىشاھ مەھبۇسلاردىن سوراپتۇ:

— سىلەر نېمە گۇناھ بىلەن كىرىپ قالدىڭلار؟

— ئالىيلىرى، بىز ھەممىمىز گۇناھسىز! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەھبۇسلار تەڭلا. ئارىسىدىكى بىرەيلەنلا ئۆزىنىڭ گۇناھىنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىپتۇ.

ئەپەندى بۇنى ئاڭلاپ، پادىشاھقا:

— ئالىيلىرى، گۇناھى بار ماۋۇ ئادەمنى قويۇپ بېرىڭ! — دەپتۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئەجەبلىنىپ.

— مەن بۇ ئادەمنىڭ گۇناھى باشقا گۇناھسىز بەندىلەرگە يۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# ئىشەنمىسەڭلار، ئۆلچەپ بېقىڭلار

بىر كۈنى، ئەپەندىنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سىز كۆپنى كۆرگەن، دەپ بېقىڭا، دۇنيانىڭ كىندىكى قەيەردە؟

— دۇنيانىڭ كىندىكى دەل مەن تۇرغان يەردە، مەن تۇرغان جاي دەل دۇنيانىڭ كىندىكى، — دەپتۇ ئەپەندى ئويلانماستىنلا.

— بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ بىزنىڭ بۇ يەر دېگەن چەت جاي تۇرسا، دۇنيانىڭ كىندىكى قانداقسىغا بۇ يەردە بولسۇن؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ئاغىنىلىرى ئەپەندىنىڭ جاۋابىغا قايىل بولماي.

— ئەگەر ئىشەنمىسەڭلار، ئۆلچەپ بېقىڭلار، — دەپتۇ ئەپەندى.



# كىمنىڭ ئىچى قىزىۋاتىدىكىن

ئەپەندىنىڭ پايدىسىنى كۆپ كۆرگەن بىر ئاغىنىسى يۇ-زى چىدىماي ئەپەندىنى بىر تاماققا چاقىرىپ قويغۇسى كەپتۇ. ئەپەندىنىڭ پىخسىقلىقتا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ ئاغىنىسىنىڭكىگە بارغۇسى كەلمەپتۇ. ئەمما بىرئاز ئويلى-نىپ، ئۇنىڭمۇ ياخشى كۆڭلىدۇر دېگەن يەرگە كېلىپ، بارسامىمۇ باراي دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپەندى دېگەن ۋاقىتتا بېرىپتۇ.

بۇ پىخسىق ئاغىنىسى داستىخانغا ئانچە - مۇنچە پىش-لاق، ھەسەل ۋە نان قويۇپتۇ. ئەپەندى ئاۋۋال نان بىلەن پىشلاققا ئېغىز تېگىپتۇ، كېيىن قوشۇق بىلەن ھەسەلنى يېگىلى تۇرۇپتۇ. پىخسىق ئاغىنىسى ئەپەندىنى ھەسەلنى يەپ تۈگىتىۋەتمىسۇن دەپ:

— ئەپەندى، بۇ يېگى ھەسەل، ئىچىڭىزنى قىزىتى-ۋېتىدۇ! — دەپتۇ.

— ھە، شۇنداقمۇ ئاغىنە؟ كىمنىڭ ئىچى قىزىۋاتقانلى-قىنى بىر خۇدا بىلەن ئۆزىڭىز بىلىسىز! — دەپتۇ ئەپەندى.




# ئات تونۇش

ئەپەندى شەھەرگە كېتىۋېتىپ بىر توپ ناتونۇش ئادەم-
لەر بىلەن بىرلىكتە بىر ئۆتەڭگە چۈشۈپتۇ، قاراڭغۇ چۈش-
كەندە، ئەپەندى ئېتىغا يەم بېرىشنى ئويلاپ ئېغىلغا كىرىپ،
بىرمۇنچە ئاتلار ئىچىدىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنىڭ ئېتىنى
تاپالماپتۇ.

ئەپەندىنىڭ كاللىسىغا شۇ زامان بىر ئەقىل كەپتۇ -
دە، بار كۈچى بىلەن توۋلاپتۇ:

— تېز تۇرۇڭلار، تېز تۇرۇڭلار، ئېتىڭلارنى كۆكۈيۈن
چېقىپ كەتتى.

خەقلەر دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ
ئاتلىرىنى تېپىشىپتۇ، ئېغىلدا پەقەت بىرلا ئات قاپتۇ، ئە-
پەندى بىر قاراپلا ئۆزىنىڭ ئېتىنى تونۇۋاپتۇ.



# كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت

ئەپەندى تېۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلىرىدە، ئالدىغا كۆزى ئاغرىغان بىر ئادەم كېلىپ كۆزىگە داۋا سوراپتۇ. ئەپەندى ئاغرىققا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— ئاغرىقىڭىز يىلتىزى سىزنىڭ قورسىقىڭىزدا ئىكەن، قورسىقىڭىزدا بىر تال ئۇزۇن يىلان پەيدا بولۇپ قاپتۇ، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئاغرىق قورقۇپ كېتىپ، ئەپەندىدىن قانداق داۋالىنىشنى سوراپتۇ.

— قولىڭىز بىكار بولسىلا، قورسىقىڭىزنى سىيلاپ بېرىڭ، — دەپتۇ ئەپەندى.

ئاغرىق ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە توختىماستىن قورسىقىنى سىيلاپتۇ. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن كۆزى ساقىيىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەنە ئەپەندىنى ئىزدەپ كېلىپ:

— ئەپەندى، كۆزۈم ساقايدى، سىز قاراپ بېقىڭە، قورسىقىمدىكى يىلان يوقىدىمىكىن؟ — دەپتۇ.

— كۆزىڭىز ساقايغانلا بولسا، يىلانمۇ يوقىلىدۇ. مانا بۇ «كۆزۈڭ ئاغرىسا، قولۇڭنى تارت» دېگەن سۆز، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئېگىز تامىمۇ پايلىمايدۇ

ئەپەندى خان ئوردىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر مۇنچە ئادەملەرنىڭ ئوردىنىڭ تېمىنى قوپۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر مەدىكاردىن سوراپتۇ:

— تامنىڭ ئۆزىمۇ ئېگىز ئىدىغۇ، نېمىشقا يەنە ئېگىز-لىتىۋاتىسىلەر؟

— ئوردىغا ئوغرى چۈشمىسۇن دەپ.

— تاشقىرىدىن چۈشىدىغان ئوغرى دېسىڭىز توغرىدۇر. بىراق، ئىچكىرىدىن چىقىدىغان ئوغرى ئۈچۈن ئېگىز تامىمۇ پايلىمايدۇ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# خىجىل بولماسلىق ئۈچۈن


بىر كۈنى ئەپەندىنىڭ بىر سودىگەر ئاغىنىسى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، سىز پۇلغا ئامراقمۇ ياكى ئۆچمۇ؟

— ئەلۋەتتە پۇلغا ئامراقمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— نېمىشقا ئامراق؟ — دەپتۇ سودىگەر ئاغىنىسى يەنە.

— سىلەردەك مەككار سودىگەرلەرنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئۆزىنىڭ تونى

پادىشاھ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، يۇرت كاتتىلىرىنى چاقىرىپتۇ، شۇ قاتاردا ئەپەندىنىمۇ قوشۇپ چاقىرىپتۇ. زىياپەت ئاياغلاشقاندا، پادىشاھ ھەربىرەيلەنگە بىردىن ئېسىل تون سوۋغا قىپتۇ، ئەپەندىگە بولسا ئېشەكنىڭ توقۇمىنى بېرىپتۇ.

ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت، ئۇ سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا بازاردىن سېتىۋالغان تون كىيگۈزۈپ، ماڭا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ تونىنى سوۋغا قىپتۇ، مەن بۇنىڭغا چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمەن، — دەپتۇ - دە، زىياپەت زالىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.



# قازىنىڭ ئۆلپىتى

بىر كۈنى ئەپەندى ئېشىكىنى يېتىلەپ كېتىۋاتسا، قازى ئاخۇنۇم ئۇچراپ قاپتۇ. قازى ئاخۇنۇم ئەپەندىنى زاڭلىق قىلىپ:

— ئەپەندى، ئىككى بۇرادەر قاياققا ماڭدىڭلار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— خوش تەقسىر، بۇرادىڭىز: «زېرىكىپ كەتتىم، بىرەر ئۆلپىتىمنىڭ ئۆيىگە ئاپارغىن» دېۋىدى، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە باشلاپ كېتىۋاتاتتىم، جانابىڭىز ئۇچراپ قېلىپ يولۇم قىسقاردى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# نومۇسنى بىلمەيدىغان ئادەم

ئەپەندى بىر يېقىن ئاغىنىسىغا خەت يېزىۋاتسا، بىرى ئوغرىلىقچە ئۇنىڭ كەينىگە كېلىپ، ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇغىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندى بۇنى بايقاپ قېلىپ، خەتنىڭ ئاخىرىغا بىر جۈملە سۆز قىستۇرۇپ قويۇپتۇ: «قەدىرلىك ئاغىنە، مېنىڭ ئەسلىدە ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپ - سۆزلىرىم بار ئىدى، لېكىن، نومۇسنى بىلمەيدىغان بىرى كەينىمدە تۇرۇپ خېتىمنى ئوغرىلىقچە ئوقۇۋاتىدۇ…»

ھېلىقى ئادەم تېرىكىپ ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، سىز نېمىشقا ماڭا ھاقارەت قىلىسىز؟ كىم سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئوقۇپتۇ؟

— خەتنى ئوغرىلىقچە ئوقۇمىغان بولسىڭىز، مېنىڭ سىزگە ھاقارەت قىلغىنىمنى نەدىن بىلدىڭىز؟ — دەپتۇ ئەپەندى.



# چۈش

ئەپەندى قازىخانىغا كىرسە، بىرىنىڭ قازىنى ھەدەپ ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

— قازى ئاخۇنۇم، تۈنۈگۈن بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ئەرشكە چىقىپتىمەن، قارىغۇدەك بولسام خۇدا ئۆزلىرىنى پەرىشتىلەرگە ماختاپ بېرىۋاتقۇدەك، — دەپتۇ.

— ناھايىتى مەنىلىك چۈش ئىكەن، — دەپتۇ ئەپەندى قازىغا، — بۇ چۈشكە قارىغاندا، يېقىن ئارىدا ئۆزلىرىگە يا بۇ كىشىنىڭ ھاجىتى چۈشىدۇ، يا خۇدانىڭ.



# ئەپەندىنىڭ مەسلىھەتى

ئەپەندىنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان بىر ئادەم، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:

— ئەپەندى، مەن بۇ دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم، قايسىلىرىنى ئېسىمدە ساقلاپ، قايسىلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشىمنى بىلەلمىدىم، ماڭا بىر مەسلىھەت بەرسىڭىز بوپتىكەن!

— باشقىلارنىڭ سىزگە قىلغان ياخشىلىقىنى بىر ئۆمۈر ئېسىڭىزدە ساقلاڭ، باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز بولسا، دەرھال ئۇنتۇپ كېتىڭ، — دەپتۇ ئەپەندى.




# كۆزىڭىز كور بولۇپ قاپتۇ دەپ

ئەپەندىنىڭ ياش چېغىدىكى ئاغىنىلىرىدىن بىرى باشقا بىر شەھەرگە ھاكىم بوپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئەپەندى ئاغىنىسىنى يوقلىغىلى بېرىپتۇ. بىراق، ئەپەندىنىڭ ھالىنى كۆرگەن ئاغىنىسى ئەپەندىنى تونۇماسلىققا سېلىپ:

— سىز كىم بولىسىز، مەن سىزنى پەقەت ئەسلىيەلمىدىمغۇ؟ — دەپتۇ.

— مەن سىزنىڭ ياش چېغىڭىزدىكى ئاغىنىڭىز نەسىردىن بولىمەن. سىزنى ھاكىم بولغاندىن بېرى كۆزى كور بولۇپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، سىزنى ئالايىتەن يوقلاپ كېلىشىم، — دەپتۇ ئەپەندى.



# هيلىگەر كېيىك

پادىشاھ ئەپەندىنى ئېلىپ شىكارغا چىقىپتۇ. پادىشاھ بىر كېيىكنى بايقاپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈپتۇ. بىراق، ئوق تەگمەپتۇ، پادىشاھ ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— مەن نۇرغۇن قېتىم شىكارغا چىققان، لېكىن ئەزەلدىن بىر پاي ئوقنىمۇ زايە قىلىپ باقمىغان، بۇ كېيىك بەك تېز قېچىپ كەتتى، — دەپتۇ.

ئەپەندى دەرھاللا:

— ئەگەر ئۇ كېيىك بولماستىن، سىزگە قارشى ئادەملەر بولغان بولسا، سىز چوقۇم بىر پاي ئوق بىلەنلا بىرىنى يىقىتقان بولاتتىڭىز. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ بىر ھيلىگەر كېيىك ئوخشايدۇ، — دەپتۇ.



# ئادالەت تېشى

ئەپەندى بايغا يالللىنىپ بىر ئاي ئىشلەپتۇ، ئاي ئاخىردا، باي ھەرخىل سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئەپەندىنىڭ يېرىم ئايلىق ئىش ھەققىنى بەرمەپتۇ. ئەپەندى قازىغا ئەرز قىپتۇ. بىراق، قازىنىڭ نامرات ئەپەندىگە قارىغۇدەك ئەلپازى يوق ئىكەن.

ئەتىسى، ئەپەندى بىر قولياغلىقا بىرنەچچە تال تاشنى چىگىپ قازىخانىغا بېرىپتۇ. قازى ئەپەندىنىڭ قولىدىكى ئېغىر تۈگۈنچەكنى كۆرۈپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال باينى چاقىرتىپ، ئەپەندىنىڭ يېرىم ئايلىق ئىش ھەققىنى تۆلىتىپ بېرىپتۇ.

دەۋا ئىشلىرى تۈگەپ، ئەپەندى ئۆزى يالغۇز قالغاندا، قازى ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندى، ياغلىقتىكى نېمە ئىدى، قېنى يېشىڭ! — دەپتۇ.




— بۇ ئادالەتنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان تاش، ئەگەر سىز دەۋانى ئادىل بىر تەرەپ قىلمىغان بولسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ بېشىڭىزغا تېگەتتى، — دەپتۇ ئەپەندى.

# بەسلىشىش

ئەپەندىنىڭ داڭقى قوشنا شەھەرلەرگىمۇ تارقىلىپتۇ. قوشنا شەھەردىكى ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بىرى بۇنىڭغا قايىل بولماي، ئەپەندىنى تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئەپەندى تۇرۇشلۇق يېزىغا كېلىپ، ئەپەندىنىڭ ئۆيىنى تېپىپتۇ. دەل شۇ چاغدا، ئەپەندى ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانىكەن، ئۇ كېلىپ ئەپەندىدىن، ئەپەندىنىڭ نەدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەپەندى ئۇنىڭدىن قەيەردىن، نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، ئۇدۇلىدىكى ھويلىنى كۆرسىتىپ:

— ئەپەندى ئاشۇ ھويلىدا ئولتۇرىدۇ، ئۇنىڭ قولىقى ئېغىر، سىز بەكرەك ۋارقىرىمىسىڭىز، ئاڭلىيالمايدۇ، — دەپتۇ.

ئۇ ئەپەندىنىڭ دېگىنى بويىچە قىپتۇ. ئاقىۋەتتە ئۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى چىقىپ ئۇنى تازا ساپتۇ، تاياقنى تازا يېگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەپەندىنىڭ خىلى ئەمەسلىكىنى ھېس قىپتۇ.



# پاتپاراقچىلىق سۇنايچىنىڭ ئۆيىدە

بىر كۈنى، بىر توپ قاراقچىلار مەسلىھەتلىشىپ:

— بىز ھامان بىر كۈنى تۇتۇلۇپ قالىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە ئەپەندىنى ئۆزىمىزنىڭ سېپىگە قېتىۋالايلى، ئەگەر تۇتۇلۇپ قالساق، بالايىمىزغا شۇ قالسۇن، — دېيىشىپتۇ.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇشۇپ، ئەپەندىنى تېپىپتۇ ۋە شۇ كېچىسىلا ئەپەندىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئوغرىلىق قىلغىلى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ كۈنى كەچتىكى ئوغرىلارنىڭ نىشانى، بىر سۇنايچىنىڭ ئۆيى ئىكەن. ئۇلار سۇنايچىنى ئۆگزىگە ئاچىقىپ پۇت - قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلىۋەتكەندىن كېيىن، بۇلۇڭ - پۇچقاقلارنى ئاختۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇ ئەسنادا ئەپەندىنىڭ قولىغا سۇنايچىنىڭ سۇنىيى چىقىپ قاپتۇ. ئۇ دەرھال سۇناينى ئېلىپ ئاستا ئۆگزىگە چىقىپتۇ - دە، بار كۈچى بىلەن چېلىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشكەن خەقلەر:

— ئەپەندى، بۇ يېرىم كېچىدە سۇناي چېلىپ ئادەمنى ئۇخلاتماي، پاتپاراق قىلغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېيىشىپتۇ.



— مېنىڭ سۇناي چالغىنىم قانچىلىك پاتپاراقچىلىقتى، چوڭ پاتپاراقچىلىق سۇنايچىنىڭ ئۆيىدە، ئىشەنمىسەڭلار قاراپ بېقىڭلار، — دەپتۇ ئەپەندى.

# دادىغىزنى دوراپسىز

پادىشاھ ئەپەندىگە مەدرىسىنى ئوقۇپ كەلگەن ئوغلىنى ماختاپ:

— ئوغلۇم شاھزادە ئەقىل - پاراسەتتە شۇنچىلىك كامالەتكە يەتتىكى، كۆڭلىڭىزدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنىمۇ بىرلا قاراپ تېپىۋالىدۇ، — دەپتۇ.

— ۋاھ، شۇنداقمۇ، — دەپتۇ ئەپەندى بارمىقىدىكى ئۈزۈكنى ئاستا چىقىرىپ ئالىقىنىغا تۈگۈپ، — شاھزادەم كۆڭلىدە ئويلىغاننى تاپالىغان يەردە، ئالىقانغا تۈگكەننى ئابايلا تاپالايدۇ، قېنى شاھزادە تېپىپ باقسۇن، ئالىقىنىمدىكى نېمە؟

شاھزادە نېمىدەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، ھاڭۋاقىدىنچە تۇرۇپ قاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە بۇ نەرسىنىڭ شەكلىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۇ نەرسە يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، ئەمدىغۇ تاپالايدىغانسىز! — دەپتۇ ئەپەندى ئىزاھ بېرىپ.

— ھە، ئەمدى بىلدىم، ئالىقىنىڭىزدىكى تۈگمەن تېشى، — دەپتۇ شاھزادە خۇشاللىقىدا.



— ۋاھ، سىز ھەقىقەتەن ئەقىللىق ئىكەنسىز، بەئەينى دادىڭىزنىلا دوراپسىز، — دەپتۇ ئەپەندى.

# ئۆلۈكتىن سوراڭلار

ئەپەندى مەھەللىدە ئىمام بولۇپ تۇرغان كۈنلىرىدە مەھەللە بايلىرىدىن بىرى ئۆلۈپتۇ. كىشىلەر ئەپەندىدىن ئۆلگۈچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، ئەپەندى ئۇنىماپتۇ.

— نېمىشقا ناماز چۈشۈرۈشنى خالىمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ جامائەت.

— ئۇ رەھمەتلىك مېنىڭ ئىمام بولۇشۇمغا نارازى ئىدى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بولغان، ئەگەر مەن ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرسەم، ئۇ خاپا بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن، ئىشەنمىسەڭلار ئۆلۈكنىڭ ئۆزىدىن سوراڭلار، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.



# گۇۋاھ بولۇش

بىرەيلەن ئەپەندىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەپەندى بىرى مەندىن بىر تاغار بۇغداي ئۆتنە ئالغاندى، قايتۇرۇپ بەرمىدى، مەن قازىخانىغا بېرىپ ئۇنى ئەرز قىلماقچىدىم، سىز بېرىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

ئەپەندى ماقۇل بوپتۇ. ئەتىسى قازىنىڭ ئالدىغا بارغاندا، ئەپەندى گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ:

— مەن گۇۋاھ بولالايمەنكى، بۇ كىشى دەۋاگەردىن بىر تاغار قوناق ئۆتنە ئالغان، — دەپتۇ.

— دەۋاگەر بىر تاغار بۇغداي دەۋاتاتتى، سىز نېمىشقا قوناق دەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ قازى.

— يالغان دەۋا ئۇچۇن قوناق بىلەن بۇغداينىڭ نېمە پەرقى بار؟ بۇغداي ئەمەس، قوناق ئۇندۇرۇۋالسىمۇ چوڭ ئىش، قالغىنىنى ئۆزىڭىز بىلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندى.



# پۇلىڭىز «كۈچۈكلەيدۇ»

بىر جازانىخور، جازانە قىلغان پۇللىرىنى ئەپەندىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئەپەندى، سىز بۇ پۇللارنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپتۇ.

— ياخشى كۆرمەيمەن! — دەپتۇ ئەپەندى.

— نېمىشقا؟ — دەپ سوراپتۇ جازانىخور.

— چۈنكى سىزنىڭ پۇللىرىڭىز بىزنىڭ ئۆيدىكى ئىتقا ئوخشاش توختىماي كۈچۈكلەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندى.



# ئېھتىياجغا باغلىق

بىر كۈنى، پادىشاھ ئەپەندىدىن:

— ئەپەندى، ئەگەر بىر تەرىپىڭىزگە ئالتۇننى، يەنە بىر تەرىپىڭىزگە ھەقىقەتنى قويسا، سىز قايسىسىنى تاللايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالىيلىرى، ئالتۇننى تاللايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

— سىز بەك ئەخمەق ئىكەنسىز، — دەپتۇ پادىشاھ ئەپەندىگە، — ئالتۇن دېگەننى تاپقىلى بولىدۇ، بىراق ھەقىقەتكە ئېرىشمەك تەس، ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولغان بولسام، چوقۇم ھەقىقەتنى تاللايتتىم.

— ئېيتقانلىرى توغرا، — دەپتۇ ئەپەندى، — كىمدە نېمە كەم بولسا، ئۇ شۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، مەن ئالتۇنغا ئېھتىياجلىق، سىز بولسىڭىز ھەقىقەتكە، — دەپتۇ ئەپەندى.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAxODg0NTEuemlw",
"filename_decoded": "40188451.zip",
"filesize": 16302869,
"md5": "1126f5bddd199f947ea17e8cf0b90ef5",
"header_md5": "c5e66a32c6ac7d4d53c9673d0721cf88",
"sha1": "dd79146f584a01066f46695befb73d401e5ec39b",
"sha256": "67585144252f39fb276f3f7bfdc9a827885a294212c75025447354f16db6ee11",
"crc32": 3537469248,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 19775093,
"pdg_dir_name": "\u2591\u00f3\u2556\u2593\u2560\u00df\u2568\u00aa\u2557\u2591\u2561\u2500\u255a\u2566\u2554\u00b7\u2553\u255f\u2557\u2588 1 \u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40188451",
"pdg_main_pages_found": 100,
"pdg_main_pages_max": 100,
"total_pages": 109,
"total_pixels": 415607104,
"pdf_generation_missing_pages": false
}